ئىبراھىم قۇربان

# يەتتە قىزلىرىم



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئىبراھىم قۇربان

# يېتىم قىزلىرىم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھاجى

# يەتتە قىزلىرىم

(تارىخىي داستان)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋاق 4
198[illegible]-يىل 5-ئاي 1-نەشرى 1984-يىل 7-ئاي 1-بېسىلىشى
سانى: 1 -- 15000
كىتاب نومۇرى: 41 -- 10264
باھاسى: 0.32 يۈەن

## نەشرىياتتىن

ئىبراھىم قۇربان 1942 - يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ يامانسۇ يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1950 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1980 - يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى، ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. ھازىر ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ.

ئىبراھىم قۇرباننىڭ ئىجادىيىتى 1954 - يىلى باشلانغان.

«يەتتە قىزلىرىم» داستانى ئۇنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭدا 17 - ئەسىردە ئۈچتۇرپاندا يۈز بەرگەن تارىختا مەشھۇر دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە مۇشۇ قوزغىلاڭنىڭ قاتناشقۇچىلىرى بولغان 7 قىزنىڭ قەھرىمانلىقى بايان قىلىنغان.

FROM THE LIBRARY OF
EAST TURKISTAN NAT'L RESEARCH CENTER INC
GULAMETTIN PAHTA

GULAMETTIN PAHTA LIBRARY OF
CENTER INC

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| مۇقەددىمە | 1 |
| بىرىنچى باپ | 3 |
| ئىككىنچى باپ | 9 |
| ئۈچىنچى باپ | 14 |
| تۆتىنچى باپ | 17 |
| بەشىنچى باپ | 23 |
| ئالتىنچى باپ | 31 |
| يەتتىنچى باپ | 37 |
| سەككىزىنچى باپ | 44 |
| توققۇزىنچى باپ | 50 |
| ئونىنچى باپ | 56 |
| ئون بىرىنچى باپ | 63 |
| ئون ئىككىنچى باپ | 69 |
| ئون ئۈچىنچى باپ | 7[illegible] |
| ئون تۆتىنچى باپ | 84 |
| ئون بەشىنچى باپ | 90 |
| ئون ئالتىنچى باپ | 94 |
| ئون يەتتىنچى باپ | 100 |
| ئون سەككىزىنچى باپ | 104 |
| ئون توققۇزىنچى باپ | 108 |
| يىگىرمىنچى باپ | 111 |
| يىگىرمە بىرىنچى باپ | 115 |
| خاتىمە | 119 |

## مۇقەددىمە

بۇ دۇنيادا تۇغۇلۇپ چوڭ بوپتىمەن،
گاھىدا ئوڭ، گاھىدا توڭ بوپتىمەن.
ئوڭلۇغۇم ـ ياشلىغىم ھەم بەگۋاشلىغىم،
ئوڭلۇغۇم ـ ھېكمەت بىلەن سىرداشلىغىم.
ياقسام ساناپ بىر كام قىرىقتۇر يېشىم،
ئاپپاق قىرو چىللاپتۇ قارا بېشىم.
ھەسسەم قانچە بۇ گۈل ماكان ھۆرمىتىگە،
ماڭا بەرگەن ئاق نېنى ـ شەربىتىگە؟!
پەرۋانىدەك ياشىدىم بۇ باغدىمەن،
يىراق قالدىم يارەنلەر بىر داغدىمەن.
بۇ داغ دېمەك ـ ئىشقىنىڭ ئوت داغىدۇر،
(قۇربان بولغان يەتتە قىز پىراغىدۇر.)
چۈلغاپ ئالدى ئاجايىپ ئارمان مېنى،
بۇلبۇل قىلىپ سايراتتى ھەرئان مېنى.
ئەڭ جۇلالىق گۈللەرگە قوناي دەيمەن،
شۇ گۈللەرنى خەلقىمگە سۇناي دەيمەن.
«توققۇز بۇلاق» باغىدا يازاي دەيمەن،
تارىخ ئىجرە زەر ئالتۇن قازاي دەيمەن.

يەنە قىزلاق ھۆسنىنى كۆزەي دېيەن،
— ھەمرا بولۇپ باغ ئارا يۈرەي دېسەن.
كىتابخانىم ئەپسۇسكى تىلىم لالدۇر،
كەچۈرگەيسىز قەلىمىم تېخى گالدۇر.

## بىرىنچى باب

**1**

ئوڭ يېنىمغا كەلگىنە بۇلبۇل پەرى،
سول يېنىمغا كەلگىنە ھەي گۈل پەرى!
ئەي پەرىلەر قىل قوبۇل بۇيرۇغۇمنى،
ئەجەل قومى باسقىچە قۇيرۇغۇمنى.
سۆزنى باشلاي ئاۋال باش ھىكايىدىن،
يەتتە قىزنىڭ تۇغۇلغان ماكانىدىن.
بۇ قىزلىرىم ئەرشتە يۈرەر ئىمىش،
ئايدىڭ كېچە زېمىنغا* كېلەر ئىمىش.
«تونقۇز بۇلاق» سەيلىگاھ باغى ئىمىش،
مولجەر تاغ① ھەم سەيلىگاھ تاغى ئىمىش.
ئايدىڭ كېچە كول ئۈستى چىمەن - چىمەن،
ئەتراپىدا تاۋۇش بار شىۋىر - شىۋىر.
تونقۇز بۇلاق كولىدە ئۈزەمدىكىن،
يا ئاسمىندىن ئۈنچىلەر سۆزەمدىكىن؟
شۇ پەيتىدە كائىنات ناۋاسى بار،
ناۋا بىرلە جور بولغان ساماسى بار.

① مولجەر تاغ — «تونقۇز بۇلاق»نىڭ يېنىدىكى تاغ

توشقان دەريا بىر ياندا نەزمە قىلغان
ئۇياتقاندەك تولۇن ئاي پەردە تارتقان
خەندان ئۇرار تىيانشان قىيا بېقىپ،
تاغلىشىدا — ئاسمانغۇ گۈلخان يېقىپ.
نە بولۇر شۇ قىزلارنى كۆرۈپ ئالسام؟
جامالىغا قانغىچە تويۇپ ئالسام.

2

ۋىسال ئىزدەپ بىر كۈنى ئويغا پېتىپ —
كۆرۈپتىمەن ئۇ قىزلارنى، قالدىم قېتىپ.
ھەيھات! قارالڭ باشىدا تاجى رەۋىشى،
يەتتىلىسى شەمشاتتەك، زەپمۇ لەۋىشى.
جىمى ئەقلىم پەرىنىڭ باشى ئىكەن،
«توققۇز بۇلاق» سۇلىرى - ياشى ئىكەن.
قىيغان قەلەم قاشلىرى، چولپان كۆزى،
نۇرلىرىدىن بولغىسى تۈن كۈندۈزى.
سۈمبۈل مىسال چاچلىرى تال - تال كېلۇر،
ھەر بىرىنىڭ مەڭزىدە بىر خال كۈلۈر،
كىرپىكلىرى ئوقيادەك ئويناپ كېلۇر،
ئىشقى - ئاتەش يۈرەكنى بويلاپ كېلۇر،
ئېغىزلىرى ئويماقتەك، لېۋى غۇنچە،
قايسى ئۈنچە قىزلارغان زادى شۇنچە؟
كىنىزەكلەر ئارىدا سەپ - سەپ تۇرار،

ئۇ بۇ قىزلار شاھىغا بەزمە قۇرار،
ھەمشى ئاپپاق سەدەپتەك پار - پار كېلۇر،
بۇ پەردىنى سويگىلى مىڭ يار كېلۇر.
چۇچۇپقىنا ئويغانسام چۇشۇم ئىكەن،
قانات قاققان چەن ئارزۇ قۇشۇم ئىكەن.
شۇندىن بېرى ئاتلاندىم دىدار ئىزلەپ،
ئاھ ئۇرارمەن كوزلىرى خۇمار ئىزلەپ.

3

تونۇشابلى يەتتە قىز ئىسمى بىلەن،
گۇلگۇن رەڭلىك، يالقۇنلۇق جىسمى بىلەن.
قىز سەردارى مايسىخان تولۇن ئايدۇر،
بەستى چىنار، شوخلۇغى قولۇن تايدۇر.
لالە كىرپىك، كوزلىرى قارىقاتتۇر،
بۇ ماكاندا تېڭى يوق پەرىزاتتۇر.
چۇشۇمدىكى پەرىنىڭ ئوزى شۇدۇر،
ئېغىزلىرى، لەۋلىرى، كوزى شۇدۇر.
ماگسا - تۇرسا ھەمرادۇر ساۋاقداشلار،
ئوزى ئوخشاش سۇمبۇل چاچ، قەلەم قاشلار.
ئۇ راستىنلا ئوت يۇرەك شائىر قىزدۇر،
ئۇسۇلغمۇ ئاجايىپ ماھىر قىزدۇر.
بۇلبۇل پەرى ھاجەتتىم چۇشتى ساڭا،
دىلىم چولتا، كوپ ياردەم بەرگىن ماڭا.

ناۋا قىلغىن مايسەمنى ئايلانغانچە،
تاپالمىدىم لايىق سوز ئامال قانچە؟
ئاپتاپتىنمۇ ئىللىقتۇر مېھرى ئۇنىڭ،
ئالەمدىنمۇ كەڭرىدۇر زېھنى ئۇنىڭ.
يا جىسمىنى سۈت بىلەن يۇغۇرغانمۇ؟
پۇراغىنى ئەنباردا سۇغۇرغانمۇ؟
ئاينى ئادەم تۇغامدۇ بۇ جاھاندا.
ئاي يۈزىدە داغ بار ئاندا ـ ساندا.
شۇنچە كۆركەم يازار ئۇ ھۆسنى خەتنى،
خەتتاتلىققا باغلىغاچ مۇھەببەتنى.
كۆرۈپ قالسا ۋەسلىنى شاھزادىلەر،
تائام يېمەي ئۇرغۇسى پەريادلەر...
ئۈندىن قالسا دىلبەرنىڭ دىلى يۇمشاق،
خۇددى بۇلبۇل، شائىرە، تىلى يۇمشاق.
گۈلدىن گۈزەل ھۆسنىدە دىلبەر ئاتلىق،
غەمكىن بۇلبۇل بىر كۆرسە ئاپار ئاتلىق،
پەرىزاد كۆرسە شېرىنىڭ توزى -دەرلەر،
ياقۇت كۆزنىڭ ئۈزۈكنىڭ كۆزى دەرلەر.

× × ×

قىزلار ئىچرە غۇنچە قىز بىر جاناندۇر.
كۆرۈپ قالسا ئاشىقلار باغرى قاندۇر،
ناخشا ئېيتسا زېمىننى زىل ـ زىل قىلۇر.

نۇمەنلىگەن بۇلبۇلنى خىجىل قىلۇر.

× × ×

باغدا بۇلبۇل سايرىماس گۈل بولمىسا.
گۈلدىن ئۈزلۈك گۈلچىراي قەمبەرنىسا.
بويى زىلۋا، قاشلىرى بەرگى قىياق،
ئۇسۇل ئۈچۈن باغلىغان ئۇ ئىشتىياق.

× × ×

يەتتە قىزنىڭ ئىچىدە زوھراسى بار،
جانىنى ئالۇر، قاشىنىڭ ئوقياسى بار.
مەڭزى قىزىل قىشنىڭ ئانارىدەك.
جىسمى گۈلدۇر بەشكىرەم باھارىدەك.
چالسا تەمبۇر قاشىغا بۇلبۇل كېلۇر،
سەنەم تارتىپ ھەر قېتىم مىڭ گۈل كۈلۇر.

× × ×

قانداق نەسۇر ئىتەيكىم گۈلايىمنى؟
ئۆزى خۇشخۇي، قوي كوزلۈك، مۇلايىمنى.
شۇنچە نەپىس گۈل چېچەكلەر كەشتىلەرگە.
چىقسا گۈلدەك كورۈنەر رەستىلەرگە.
خىجىل قىلۇر گۈللەرنى ۋەسلى ئۇنىڭ.
گۈلدىن ئۈزلۈك، گۈلمىكىن نەسلى ئۇنىڭ؟

× × ×

قۇياشمىكىن، ئايمىكىن ئەختەرنىسا؟
نۇر قاراڭغۇ بولغۇسى ئۇ بولمىسا.
زەپ ياراشقان مەڭزىگە زىناقلىرى،
شامالدىمۇ ئىتتىكتۇر ئاياقلىرى.
ئات ئۈستىدە كۆرسىتىپ ماھارەتنى،
ھەر يۈرەكتە ئويغىتار جاسارەتنى.
ئوقيا، قىلىچ، شەمشەردە مەشىق قىلۇر،
بۇرۇن بولغان جەڭلەرنى تەتقىق قىلۇر.

× × ×

تولدۇر ساقى قەدەھنى ھۆرمىتىمگە،
مەدەت بولسا كىپايە قۇربىتىمگە.
يەتمەك ئۈچۈن مۇرادقا بىر مەي ئىچەي،
داۋام قىلىپ داستانىنى دەريا كېچەي.

# ئىككىنچى باپ

1

تونۇشايلى ئۇچتۇرپان — گۈلزار بىلەن،
قەھرىمانلار يېتىلگەن دىيار بىلەن.
بۇ قەدىم يۇرت ئەسلىدىن بىر گۈل ئىدى،
قۇشلىرى شېرىن سۇخەن بۇلبۇل ئىدى.
ئۇ بېشىدىن – بۇ بېشى ئوتلاق ئارال،
تاغلىرىدا كىيىكلەر، بۇغا – مارال.
يۇرتىنىڭ بېشى – ئوت بېشى ① تاغ باغرىدا،
ياز كۈنلىرى تاماشا باغ باغرىدا.
قىزىپ كېتەر قۇم بۇلۇڭ ② سەيلانىسى،
ئاڭا شەيدا ئوت يۈرەك پەرۋانىسى.
ئاقيار ③ دېگەن ئاياغ يۇرت مىسلى لالە،
ئۆتمەس كارۋان مەي ئىچمەي بىر پىيالە.

① ئوت بېشى – ئۇچتۇرپاننىڭ غەربىدىكى تاغلىق جاي.
② قۇم بۇلۇڭ – مەشھۇر قەدىم سەيلىگاھ.
③ ئاقيار – ئۇچتۇرپاننىڭ ئايىغىدىكى گۈزەل جاي.

چاپ باھاردا جاي تاغدا ① نورۇز بولۇر،
ئادەم توپى سانسىز يۇلتۇز بولۇر،
تىزىپ كېتەر ئېگىلمەي ئات بەيگىسى،
خۇددى شاھمات دولاندەك توپ ھەركىتى،
مەزەر سالىنى تۈجتۈرىان ئالتۇن ئاۋازى،
قارلىغاچ تاغ ② نەزمىسى ئاچى زاڭاق.
ئەرەم توققان دەرياسى سەگزىلىپ كېلۇر،
مەشھۇر كۆزى زۇمرەتكە رەڭداش كېلۇر.
ئۇلۇپ ئاققاچ بۇ دەريا ئېتى «توققان»،
دەريا بويى كىشىلەر بىلەن توققان.
ياۋ لەشكىرى يېرەكىنىڭ كېچەلەسىنى،
«يامان» ③ دېگەن بىر بۆلۈم ئېچەلەستى،
سىزۇك سۇلار چېرادىن ئۆتۈپ كېلۇر،
ئېتەن بولۇپ تاغلارنى بويلاپ كېلۇر،
بۇ دىيارنىڭ كورگەندۇر ئورمانلىرى،
شامال چىققا يەلپۈنەر بوستانلىرى،
بەر تېگىدە ئۈنۈپتۇدۇ بۇلاقلىرى،
ھەجەپ كۆمۈرم ئەتراپى — ھەر ياقلىرى،
مول بولغاچقا بېغىدا ئۈزۈملىرى،
سېمىز كېلۇر قېلىنغى — قېچاتلىرى،
ئېرىق ئۆستەڭ بويلىرى چىمەنزارلىق،

---

① جاي تاغ — ھەر يىلى نورۇز ئاخىرى بولىدىغان جاي.
② قارلىغاچ تاغ — مولچەر ئاغزىنىڭ بىر قىسمى.
③ يامانسۇ — توققان دەرياسىنىڭ بىر قىسمى.

خۇش ھاۋالىق، جىلالىق ھەم ئىپارلىق،
بىر يېنىدا ئېچىلسا رەيھان گۈلى،
بىر يېنىدا ئېچىلار يىپار گۈلى.
ئۆرۈك، ئالما، ئۈزۈمنىڭ سەرخىلى بار.
ياڭاق، شاپتۇل، ئەنجۈرنىڭ ھەرخىلى بار.
كىشى يەسە شېرنىسى تىلنى يارار،
يىراقلاردىن مېھمانلار ئىزلەپ بارار.
راۋان يەنە شەھەردە سودا ـ سېتىق،
كەڭرى ئاشلىق ۋە يەنە تاماق ـ قېتىق.

× × ×

بۇندا تاغلار ئالتۇنغا تولغان ئىكەن،
تا ئەزەلدىن تاسىمات بولغان ئىكەن.
بىر زاماندا بۇ شەھەر "بەر ـ بەر" ئىكەن①،
كوچىلىرى قاشتېشى ـ مەر ـ مەر ئىكەن.

2

يۇرت باشىغا ئەلخان قەمبەر ئىدى،
ئىتتىپاقى ئەل بىلەن چەمبەر ئىدى.
مىجەزىدىن يامانلىق ھەم يات ئىدى،
خىزىر مىسال، ياشارغان بىر زات ئىدى.
گاھ ـ كۆنلىرى ئەلخان ئوۋغا چىقار،

① ئۇچتۇرپان بىر چاغدا شەھرى بەر بەر دەپ ئاتالغان.

ئارقىدىن ئۇنلىغان دوغا چىقار،
قۇشلىرىنى سالاتتى چۇقان بىلەن،
ئاتلىرىمۇ باراۋەر بوران بىلەن.
مۇنداق تۇرمۇش ھەپتىدە تەكرار ئىدى،
ساداق تارتىپ ئاتقىنى ئوقيار ئىدى.
ئىلىم ئىزلەپ يۇرت كېزىپ باشتا ئۆزى،
پەرزەنت كۆرگەن ئەللىك بەش ياشتا ئۆزى.

ئۇتتۇر ئىدى بالىلىرى داموللىدا،
ئىلىم ئۈچۈن قىلاتتى جاننى پىدا.
يامان كۆزدىن ھەزەر قىپ ئاسقان تۇمار،
ئوغۇللار گۈل، يالغۇز قىز كۆزى خۇمار.
ئەتە - كەچتە ئۆگىنەر چامباشچىلىق،
چۈشەنمەي دەر بەزىلەر «قانداق قىلىق»؟
پىلچىۋازلىق ھەركىتى قىزىق ئىدى،
مەشىق قىلغان قۇم خالتا قىرىق ئىدى.
بەگ ئاتالغان ئوغۇللار ئەل ئاغزىدا،
ناۋايىنىڭ نەزمىسى ئەل ئاغزىدا.
جامائەتنىڭ بالىغا ئىخلاسى بار،
ياخشى ئادەم بولۇر دەپ ئىنكاسى بار.
ئەسمەتۇللا - چوڭ ئوغۇل، پەھلىۋاندۇر،
رەھمەتۇللا - كىچىكى، ئەرسلاندۇر.
بويلىرىمۇ تەپ - تەكشى قىرقىغاندەك،
گۆھەر ئىچرە - گۆھەرنى ئىلغىغاندەك.
يىزىمۇ يۇرتتىن تاللانغان تەكتۇشلىرى.

چەرۋاز ئۇرار ياشلارنىڭ ھەس قۇشلىرى.
تۇزەم ئۇچۇن تەڭداشسىز مايسىخانى،
سىنىڭ تەسەددۇق ئۇ قىزغا ئۇنىڭ جانى.

× × ×

ساقى مەي سۇن گۈزەل يۇرت ھۆرمىتىگە،
تولسۇن جامىڭ مۇھەببەت شەربىتىگە.
مەس بولسامۇ بولايچۇ ئىچىپ - ئىچىپ،
بۇ دىيارنى ئۇلۇغلاي جاندىن كېچىپ.

# ئۈچىنچى باپ

1

كۈز ئامىلى چىقماقتا ئىلگىرىلىشىپ،
يوپۇرماقلار چۈشمەكتە يەلپىلدىرلىشىپ.
لەيلىمەكتە ئاسماندا قوڭغۇر بۇلۇت.
نەلەرگىدۇر يوقالغان قوڭغۇز - قۇرۇت؟
ئۇچۇچى سالقىن، يېقىملىق كۈز ھاۋاسى،
ھەر تالادا قىرشلارنىڭ بار ئاۋازى.
تۈزغا چىقتى ئەلاخان جاڭگال ئارا،
يېقىنلاشتى ئاقمۇ بارا - بارا.
ھەر كۈنى شام، تۇلمشار چەندىر ئۈزۈپ،
قىشنى تاۋلار ھەممىسى سەھەر تۇرۇپ.
قونالغۇدا تەييار دۇر بەررى تاۋاپ،
شورپىسى بار ۋە يەنە سامبۇر - راۋاپ.
ياماتسۇ ①-دەپ يېزا بار تاققا يېقىن،
بوك باراقسان جاڭگاللىق، باققا يېقىن.

① ياماتسۇ — ئۆتچۆرپانىنىڭ تاغلىق يېزىسى.

قىرغاۋۇل ـ توشقان زەپ كۆپەيتتۇر بۇ ماكاندا،
يالپۇز بىلەن بورە يار ئاندا ـ ساندا،
گويا زۇمرەت بۇ يۇرتنىڭ بولاقلىرى،
پۇراپ تۇرار ھەرياندا شىۋاقلىرى.
بىر پادىچى كەلمەكتە يىراقلاردىن،
قوتازلارنى ھەيدەپ بۇلاقلاردىن،
كۆرۈنگەن بۇ، ياپىرەي قانداق نىمە؟
ياماشىۋدا بارمىدۇر ياكى دىۋە؟!
ھەيران بولدى تورەم بۇنداق يولۇققاندا،
مۇنداق ئادەم كۆرۈنمەس ئۇچتۇرپاندا.
دېدى تورەم: ئەي يىگىت ئىسمىڭ نىمە؟
ئەلى تورەم مەندۇرمەن، سەن غەم يەنە
سەن ئۆزەڭنى بىرمۇ ـ بىر ئەيلە بايان
كۆرۈنمەستىن كوزۇمگە يۈرگەن قايان؟
دېدى يىگىت: تەقسىرىم، قاسىم ئىسمىم،
شۇ بۇ يېزىدا چوڭ بولغان مەن بىر يېتىم
دېدى تورەم: ھەي قاسىم ھالىڭ قانداق؟
بايان ئەيلە بىرمۇ ـ بىر زاتىڭ قانداق؟
دېدى قاسىم: يىگىرمە بولدى يېشىم،
قوتاز بېقىپ ئۆتۈشتۇر كۈندە ئىشىم.
ئاتا ـ ئانام بارچىنى ئۇتتۇغانمەن.
شامەشرىپنىڭ غەزەلمۇ توقۇغانمەن.
چاكار بولدۇم ئۇلاردىن ئايرىلىپمەن.
ناكا بولدۇم قاسىدىم قايرىلىپمەن.

بەش يىل بولدى بىر بايغا بولدۇم مالاي.
شۇندىن بىرى مۇشەققەت چەكتىم نالاي.
ئەلىخان دەپ ئاڭلىغان تونۇشلىرىنى،
ئىسىپ بوپتۇ كورمەككە يۈزلىرىنى.
قايسى دەرتنى تۆگۈزتەي سوزۇم بىلەن،
كورگۈنۈمنۇ ئاز ئەمەس كوزۇم بىلەن.
دىدى تورەم: يەتكەيسەن مۇرادىڭغا.
كوزۇم چۈشتى شەمشاتتەك سىباقىڭغا.
قېنى كورەي نىمىگنى تېز چالغىنا.
كوڭلىمىزنى خوش قىلغىن، بىر ئالغىنا!...
شۇندا قاسىم بەلدىكى نەينى ئالدى،
ھەۋەس بىلەن ناۋا قىپ راسا چالدى.
كەچكى شەپەق ئاڭلىدى سادالارنى.
مەيىن شامال باشلىدى سامالارنى.
جاراڭلىدى جاڭگاللار ئەجەپ ھەيۋەت،
قېتىپ قالدى ئۇۋۇچىلار مىسالى سۈرەت.

× × ×

ھەي سۇن ساقى ئىنساپقا ئىچەي بۇ رەت،
مۇھەببەتنىڭ بالىسى كوچەي بۇ رەت.

# تۆتىنچى باپ

## 1

ئەنىسىلا ئەلخان يېزىپ پەرمان،
بەردى دەرھال قاسىمغا كۈچ ۋە دەرمان،
شۇندىن سۆك ئۇ ئوردىدىن تۇرۇن ئالدى.
خوشلىغىدىن نىيىنى راسا چالدى.
ئەسموتوللا بەگ بىلەن رەخمەتۇللا،
شۇ يىتىمغا كويۇنۇپ بولدى ھەمرا.
ياساندۇردى بەستىنى بەگلەرگە خاس،
ۋاھ! مۇنچىلا كېلىشكەن يىگىت بولماس!
كىيسە قاسىم ئەگەردە پولات ساۋۇت،
مىڭ ياۋنىمۇ جەڭلەردە قىلۇر نابۇت.
ئۇگەندەكتە تىرىشىپ تېخنىكىنى،
ئەپچىل شىلتىپ قىلىچ ۋە، نەيزىسىنى.
كۈچ سىنشار گاھىدا مايسخانىۋ،
ئالاقزادە شۇ مىنۇت قاسىمجانىۋ.
چۈنكى قىزنىڭ ھەركىتى پەرۋانىدۇر،
نى - نى يىگىت تەڭ كېلەلمەي ئاۋارىدۇر،
گاھى قاسىم نەي بىلەن ماھارەتتە،
گاھى چاغدا يېقىملىق قىرائەتتە.

www.uyghurkitap.com

قىزلار بىلەن ئارىلاش يۈرگەنىدە،
ئاتەش يانار لاۋۇلداپ يۈرىگىدە،
كىملەر بىلسۇن ئاھ ئۇرۇپ يۈرگىنىنى،
كېچىلەردە شېرىن چۈش كۆرگىنىنى.
ئوتتى چىداپ كۆيۈكىنىڭ دەرتلىرىگە،
تىزىپ نەزمە قەلبىنىڭ بەتلىرىگە.
كۆز يۇمسىلا بۇ ئىشنى ئويلا - ئويلا،
باشلىنىدۇ باغچىدا قىزىق تويلا.
ئۆزى غېرىب، يار سەنەم يۈرەر باغدا.
گۈللەر ئارا سەيلىدە سەھەر چاغدا.
«توققۇز بۇلاق» باغلىرى ئەينى جەننەت،
سەندان ئۇزار پەردىلەر تىزىپ شەربەت.
كۆلىنىڭ ئۈستى رەڭلەنەر ئاسمان بىلەن،
ماڭار قاسىم قۇرغاقتا جانان بىلەن.
چوچۇپقىنا ئويغانسا شېرىن چۈشى،
ئاھ ئۇستىگە ئاھ ئۇرۇپ يونتۇر ھوشى.
مۇنچاق - مۇنچاق ياش ئاقار چاناقلاردىن.
ئاپى زەم - زەم چىققاندەك بۇلاقلاردىن.
بىزدا يېزىلەپ قىزچاق بار پەرىزاتتەك،
ئاھۇ كۆزلۈك سۆزلىرى قەن - ناۋاتتەك.
يېزىلەپ يىگىت چاك ئېتىپ ئاۋارىدۇر،
قاسىمجاننىڭ قايسى تىز چەن يارىدۇر؟

## 2

كاككۇك قونۇپ باغلاردا دەرەخلەرگە،
سۆگۈنۈپ سايراپ ئۆتى يالقىنى يۈرەكلەرگە.
تىكشار قىزلار ياڭرىسا نەي ساداسى،
قاسىمىدىنۇ، كوزىنىڭ زەر قاراسى.
يەتتى تاقەت چېكىگە قاسىمجاننىڭ،
ئۆتتى يامان ھەممىدىن مايسىخاننىڭ.
شۇنداق كۈنلەر بىردە - تۈن كېچىدە،
بىر مەقسەتنى ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.
بەلگە باغلاپ سۆيگۈنىڭ كەمىرىنى،
ئاسما قويۇپ ياندۇردى پەنەرنى.
قورقۇشىمىز دەلەرگە تاشلىۋەتتى،
پەي ۋەلەمدە بىر نەزمە باشلىۋەتتى:

گۈلۈسەن، غۇنچىمۇسەن، پەرۋانە قىلدىڭ مېنى سەن،
سارغىيىپ بولدۇم سامان، پىغانى قىلدىڭ مېنى سەن.

تاپالمىدىم پەرۋاز ئۇرۇپ سەنچە گۈزەل رۇخسارنى،
يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ مىڭ پارە قىلدىڭ مېنى سەن.

بەر جاۋاب قوي كوزلۇكۇم، بالدەك شىرىن راست سوزلۇكۇم،
ئار جاھان سەنسىز ماڭا، بىگانە قىلدىڭ مېنى سەن.

ئالمىلىق باققا كىرىپ مەن ئۈزمىدىم بىر ئالمىنى،
ئاھ دىسەم ئاغزىمدا ئوت، گۈلخانە قىلدىڭ مىنى سەن.

بۇ ئانام يوقتۇر مىنىڭ، ياكى ئاتام يوقتۇر مىنىڭ،
ئىشق ئوتۇمنى ياندۇرۇپ، مەردانە قىلدىڭ مىنى سەن.

جوق ئىلاج يازدىم سالام، يازماي دىسەم باغرىم كاۋاپ،
سۆيگىلى ئۆمرۈم بويى خۇمارە قىلدىڭ مىنى سەن.

يېزىپ قاسىم نەزمىنى خۇشخەت بىلەن،
تەكرار ئوقۇپ قاتلىدى هورمەت بىلەن.
مايىسخانغا بەرمىگى مۇشكۇل ئىدى،
قانداق قىلسام بۇلار دەپ كوپ غەم يىدى.
ئاخىر تاللاپ ئەلچىگە گۇلايىمنى،
ئوزى خۇشخوي، قوي كوزلۇك مۇلايىمنى.
شۇ مەكتۇپنى مايسەمگە بېرىڭ دىدى،
مەخپى خەتتۇر ئېھتىيات قىلىڭ، ھەدى.
خەتنى ئېلىپ خوش بولۇپ گۇلايىم قىز،
(ئېلىپ ماڭدى مايسەمگە، مۇنايىم قىز).
تاڭلا كېچە مايسىخان چەكتى ئەلەم،
كوزياش قىلىپ تىرلىغا ئالدى قەلەم.
باشلىۋەتتى نەزمىنىڭ جاۋاۋىنى،
ئالار بولدى يىتىمنىڭ ساۋاۋىنى:

«تەگرىگە يەتكەنمىكىن ئاھىم مېنىڭ – زارىم مېنىڭ.
قالمىغاي ئارمانلىرىم بولساڭ ئەگەر يارىم مېنىڭ.

ئەي يىگىت، پالۋان يىگىت جىسمىڭ سېنىڭ ئوت تاغمۇ؟
تەپتىدە ئىشقى ئوتۇڭ ھېچ قالمىدى ھالىم مېنىڭ.

سارغىيىپ كەتكەنلىگىڭ كۆپتىن بېرى مەلۇم ئىدى،
ئوق دولۇپ تەككەن ئۈچۈن مەگزىدىكى خالىم مېنىڭ.

سەن تۇرۇپ لازىم ئەمەس ماڭا ئەغنىيار شاھزادىلەر،
بىر ساڭا پەيۋەندىدۇر – جىسمىم مېنىڭ، جانىم مېنىڭ.

سەن ئاتامدىن غەم يېمە ۋە يا ئانامدىن غەم يېمە،
گەر سېنى يار قىلمىسام دەل ئۆچكەسى شامىم مېنىڭ.

سەن كەبى پەرھادىنىڭ بولسام شىرىندەك مەشۇقى،
تارقىغاي ئالەم ئارا نامىم مېنىڭ – شانىم مېنىڭ ...»

كۆرمىگەندۇر مايسىئۇل مۇنداق كېچە،
زار قاقشىدى مىڭ ئۆلۈپ تاڭ ئاتقىچە.
قولاق تۈۋى جاراڭلاپ نەي ساداسى،
بولدى گۈلخان كۆزىنىڭ زەر قاراسى.
تاڭ سەھەردە چاقىرىپ گۈلايىمنى،
يەنكۈز دىدى قاسىمغا ئۇددىئايىمنى...

× × ×

جۇزىي ۋەدەھەر پەيتىدە ئۆزگىچە باقى،
ھەرات تاپسۇن ئاشىقلار ئىشتىياقى.
بەراق، سادى، ھاياتنىڭ داۋامى بار،
ئەزەلدىنلا ياخشىنىڭ يامانى بار.

## بەشىنچى باپ

1

نېچۈك ئاسمان ئاچمايسەن چىرايىڭنى،
بايان ئەيلە، ئاڭلايچۇ مۇددىئايىڭنى.
ۋە يا غەمگە بىر باشتىن چۆكەي دەمسەن،
ۋە يا ياشنى مولدۇردەك تۆكەي دەمسەن؟
تېز بەر جاۋاپ دەردىڭگە داۋا بارمۇ،
ئۆزەڭ سۆيگەن يېقىملىق ناۋا يوقمۇ؟
شۇنداق كۆڭلۈم مېنىڭمۇ پەرىشاندۇر،
تورەم ئۈچۈن قايغۇرۇپ كۆزۈم قاندۇر،
ئەلى تورەم يېرىم يىل يېتىپ قالدى،
بارغانسېرى پۇت قولى قېتىپ قالدى.
داۋالىدى نەچچە ئون تېۋىپ - دوختۇر،
شۇنداقتىمۇ ساقلىقى يەنە يىراقتۇر.
سىقىپ بەردى قەشقەرنىڭ ئانارىنى،
باسالمىدى كېسەلنىڭ ئازاۋىنى.
تىنىم تاپماي مايسىگۈل يەلپۈپ تۇرار،
كۆزى ياشتا، يۈرىكى ئوكسۈپ تۇرار.
گاھى چىشلەر ئەلەمدىن ئۆز لېۋىنى،
دادىسىغا دېيەلمەي ئىچ سىرىنى.

كۆرسەتمەكتە كۆزلىرى يوقالمىغانلار.
ھېچ قالمىدى بۇ ئىشنى ئۇقمىغانلار.
ئېلىپ كەلدى بەزىلەر دارى - دەرمەك،
بەزى بىرلەر كەچكىچە بولدى ئەرمەك.
بەزى بىرلەر بانى ئېگىپ بەرسە سالام،
بەزى بىرلەر ياش توكتى تارام - تارام.
چىقمىغاندۇر بۇ يۇرتتىن مۇنداق كىشى،
سۆيەر ئىدى ئەزەلدىن قېرى - ياشى.
چۈنكى تورەم ياقتۇرماس يالغانچىنى.
خىيانەت، پىتنىخور، سۆخەنچىنى.
ياقتۇرمايتتى ئۆزگىنى كورەلمەسنى.
ئۇ نەپسىگە چوغ تارتقان زىددى پەسنى.
ياقتۇرمايتتى بەتنىيەت قىلتاقچىنى.
ئەدەپلەيتتى ھىلىگەر يالاقچىنى.
سۆيەر ئىدى دەردايىم مەرىپەتنى،
مەرىپەتنىڭ ئىزلەيتتى ئادالەتنى...
يوقلاپ كىردى قاسىمجان بىر كۈن سەھەر،
ئۇزۇپ قالدى بىر ھازا بۇتتىن بەدەر.
چۈنكى ئۇنىڭ زەردەپتۇر شۇندا دىلى.
سوزالغاچقا يار بەرمەس بولۇپ تىلى.
ئالى تورەم بېشىدا بىر توپ كىشى،
ياش توكۈشتىن ئۆزگىچە يوق قىلىشى.
بالا - چاقا دوستلىرى تۇرار رەت - رەت،
ئىخلاس بىلەن شۇ زاتقا قىلىپ ھۆرمەت.

ئازايغاندا بۇ كۈنى كېلىم- كېتىم،
غەزەپ قىلدى قاسىمۇ ئاخىر قېتىم:

«جان ئاتا - جانىم ئاتا ئېلىڭگە باش پاناھ ئەردىڭ،
تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ دەردىگە داۋا ئەردىڭ.

قوللىنىپ ئادالەتنى، سۆيەتتىڭ سەن بىردېپەڭنى،
خۇددى بىر ئالىم سۆيەت بىلىمگە ئەقىدا ئەردىڭ.

ئاھ ئۇرۇپ دەرتمەن كىشى كەلسە زامانىدىن زارلىنىپ،
دەل يېتىپ سەن ھالىغا، ياراسىغا شىپا ئەردىڭ.

كىمدە - كىم چىقسا ئەگەر ئەل بەختىگە جەددال بولۇپ،
دەس تۇرۇپ قەھرىڭ بىلەن ھەم باغرىنى يارار ئەردىڭ.

سەن بىلەن شادىمان ئىدى قىز ھەم ئوغۇل پالۋانلىرىڭ،
كەشپىيات قىلسا ئۇلار مىڭ مەرتىۋە زىيا ئەردىڭ.»

مۇڭلىغانمۇ قاسىمنىڭ يۈرەكلىرى،
تامام بولدى ئالقىشى - تىلەكلىرى،
شۇ چاغ تورەم غىل - پاللا ئېچىپ كۆزنى،
بايان قىلدى بەك ئاستا شۇ بۇ سۆزنى:

«ئەي بالام، قاسىم جانىم، ھەردايىما مەردانە بول،
ئەل ئۈچۈن جانىدىن كېچەر ئوغلۇق يۈرەكى پەرۋانە بول.

ئەگمە باش ئەجدارغىمۇ، چۈشۈر ئۇنى مىڭ پارە قىل-
تۇل خوتۇن - يېتىم نوچۇلنىڭ يارى بول، غەمغانى بول.

دەرت چېكىپ كەلسە بىرى، باغلاپ قىرلىق بار ئالدىغا.
دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئالدى چىراي، دىلدارى بول-

ئەل ئاراپ - ھەممۇ خاراپ، گۈل ئېيلىگىن ئەل قەلبىنى،
ئەل سېنى ياد ئەيلىگەي، جەڭلەر ئارا قۇربانى بول.

ساتمىغىن ۋىجدانىنى سەن، ۋىجدان دېگەن ھۆرمەت ساقى-
ئەتىرى بول، شەمشادى بول، ئەل قەلبىدە رەيھانى بول...»

ئەلى تورەم نەزمىنى تامام قىلدى.
قاسىم يەنە بىر نۆۋەت سالام قىلدى.

2

ئەلى تورەم تاڭ سەھەر كىيدى لىباس،
يا بولدىمۇ كېسەللى تەندىن خالاس؟
غەمكىن دىللار بىردەمدە بولدى باھار،
ئاچتى چىراي قايتىدىن ئۈشبۇ دىدار.
چاچ - ساقالنى ئالدۇردى ھەم - پەش دېمەي-
قانداق بولا يۈرسە ئۇ ئاشام يىمەي؟!

ئىككى ئوغلى ئالدىدا كۆتەر جاۋاپ.
بۇندىن بىزرۇن بىراغانتى باغرى كاۋاپ.
ئۇتاپ تۇرەم بىر ئۇزۇن قىلدى دۇئا:
«ئۆزەڭ ساقلا بالادىن قادىر خۇدا ....»
قىلدى تورەم ئۇلارغا بىر نەسىھەت.
نەسىھەتكىم مەزمۇنى گويا شەربەت:

بار ئىكەنو — يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەنو — توق ئىكەن.
ئۆتكەن ئىكەن بىر بوۋاي،
ئىككى ئوغلى شوخ ئىكەن.

تومۇر ئېتى ھېرىپتۇ،
بوۋاي راسا قېرىپتۇ.
بالىلارنى چاقىرىپ،
بىر نەسىھەت بېرىپتۇ.
ئون تايانى جۆپلاپتۇ،
تۆت — بەش يەردىن باغلاپتۇ.
مۇنداق ئىشنىڭ سىرىنى،
بالىلارمۇ ئۇقماپتۇ.
سىندۇر دىسە چوكىنى،
بىلمەي ئىشنىڭ ئۆتكىنى،
خېلى ئۇزۇن ئېيىشىپ،
يارا قىپتۇ قولىنى.
كىچىك ئوغلى بېرىلىپ،
قازا كۆچەپ كېرىلىپ.

چىقىۋالغاندا يۈرىكى —
كېتەي دەپتۇ يېرىلىپ.
ھەر ئىككىسى تۇرۇپتۇ،
ئۇ ساپ ئېقى قۇرۇپتۇ.
ئاپپاق ساقال بوۋايمۇ،
پەسكىدە كۈلۈپتۇ.

بىرلىشىپتۇ سۆزنۈپتۇ،
بىرلىك كۈچىنى تونۇپتۇ.
ھايالدىماي بوۋايمۇ،
كۆزلىرىنى يۇمۇپتۇ...

ۋەزنى شېئىر ھېكايە بولدى تامام،
ئەي تورەم سۆزنى قىلدى داۋام:
بىرلىشىڭلار باللىرىم ئاخىر — ئەيەب.
ئىنسان ئۈچۈن قىممەتتۇر مۇنداق سىزىپەت.
گەر كۆرۈلسە سىلەردە كەيپى — ساپا،
خالايىقمۇ قىلىدۇ نەنە — تاپا.
بىرلىمەڭلار ھېچ قاچان خۇشامەتكە،
خۇشامەتچى باشلايدۇ جىنايەتكە.
ئىلىم ئەھلى ھېچ قاچان خار بولمىسۇن،
ئۇلار ئۈچۈن بۇ جاھان تار بولمىسۇن.
ئەلنى خاراپ قىلمىسۇن ئالۋاڭ — سېلىق،
خەلق دەريا باللىرىم، بىز بىر بېلىق.
خېلى جىقلا بار ئىدى سۆزۈم مېنىڭ،
كەلدى ئۇيقۇ يۇمۇلسۇن كۆزۈم مېنىڭ.

ئاخىرىدا بىر گېپىم ئامانەتتۇر:
ھايسە گۈلۈم شۇ تاپتا خىجالەتتۇر.
ئاتاڭلارغا ئېيتىپتۇ ئىچ سىرىنى،
ئىككى غۇنچە خالاپتۇ بىر - بىرىنى.
چوقۇم يەتسۇن ئاشىقلار مۇرادىغا.
بۇ سەپمەڭلار ئۇلارنىڭ خىيالىغا...

بۇندا تۇرەم بىردىنلا يۇمدى كۆزنى.
ئىمان ئۇزى قاپلىدى يورۇق يۈزنى.
سىلاپ كىشى ھوكۈرەپ توكتى ياشنى.
داغۇ ياشلار، ئىنىلار ئەگدى باشنى.
سەۋدەرچىلەر ئاتلاندى تۇشمۇ - تۇشقا.
ھەركەتلىرى ئوخشايتتى گويا قۇشقا.
ئادەم توپى دەمدىلا دىگەر بولدى،
جانسىز كورلەر دالىدىن قانغا تولدى.
خاق باغلىدى بىلىكە ھەممە كىشى،
ھۆرمەتلىنىپ ئاھلار، قايدى بېشى.
كەڭرى بولدى بۈگۈنكى نەرسە - نەباز،
ياقۇتتەك سېرىلدى چوڭ جەيناماز.
سىلاپ كىشى تەلپۈندى جىنازىغا.
مۇرىدىن ھالىپ مەرھۇمنىڭ توبرازىغا.
بىر يىرتىلدى بۇ تاۋۇت ساقلاپ ئۆچۈن،
دامىدا ئېرەن باغلاندى تاۋاپ ئۆچۈن.
سەپ ئالدىدا ئىككى يىگىت پەرۋانىدۇر،
يەرياپ قىلىپ، ئاھ ئۇرۇپ سارغانىدۇر.

مىڭلاپ كىشى يىتەلمەي جىنازىغا،
قول ئۇزىتىپ ئېسىلدى ئارغامچىغا.
كەتتى تەۋرەپ ھازىدىن زېمىن - ئاسمان،
چەكتى ئازاپ ئالەمچە مايسەم جانان!

× × ×

سۇنەن ساقى شارابىڭنى دەرتلىرىمگە،
ئاجىز كەلدى بۇ قەلەم يېتىلىرىمگە.
كېتەي دىدىم مەنمۇ ھەم مادارىمدىن،
ئايرىلغاندەك مېھرىۋان نىگارىمدىن.

## ئالتىنچى باپ

### 1

ۋەزىپەمدىن كەپ ئاچتىم كىتاپخانىم،
كەچۈرگەيسىز كەم بولسا بۇ بايانىم.
دىمەك بۇ چاغ چەنلۈك خان — چوڭ خان ئەدى،
مىليونلىغان يوقسۇللار سەرسان ئەدى.
ياش ئوغلانغا ئاققىنى ھەم قان ئەدى،
گاھ بىرلىرى ئاھ ئۇرۇپ نىمجان ئەدى.
كەتمەن چاپقان — ئاچلىقتىن ئولەر ئەدى،
ئوڭدا يانغان — ۋىلقلاپ كۈلەر ئەدى.
قاڭقىر ئافتاپ يۈرەكتى ئەل بىچارى.
نە ئەيلەسۇن، يۈزرەڭگى پارى - پارى؟!
باي نەرەپتە تۇراتتى ئەمەلدارلار،
قولچە جىرلىق كەرمەيتتى پۇلى بارلار،
ئىنساپ - توۋپىق قالمىغاچ ھۆكۈمەتتە،
ھەم ئادىللىق بولمىغاچ شەرىئەتتە؛
كۆڭلى توغدى ھەر جايدا چىقمىچىنىڭ،
ھالى خاراپ تۈل - خوتۇن، يېتىمچىنىڭ.
كۆڭلى توغدى ھېلىگەر قىلتاقچىنىڭ،
تۈك ئۈندۈرگەن توخۇمدىن بوياقچىنىڭ.

كۈنى تۇغدى ۋىجدانسىز يالاقچىنىڭ،
ماراقچىنىڭ، قانلىنىڭ، قاراقچىنىڭ.
كۈنى تۇغدى نومۇسنى ساتقانلىنىڭ.
بوك ئال دىسە بېشىنى قاتقانلىنىڭ.
كۈنى تۇغدى تەخسكەش نامەرتلىنىڭ.
نەپسى بالا – تويمىغۇر ئاپەتلىنىڭ.
كۆچەپ كەتتى ئاجايىپ ئالۋاك – سېلىق،
بۇنىڭدىن خالى كوكتە قۇش، سۇدا بېلىق.
بىرى كەلگەن توخۇ دەپ ۋالاق – ۋالاق،
بىرى كەلگەن توخۇم دەپ پالاق – پالاق
بىرى كەلگەن ئۇنۇن دەپ، ياكى سامان،
ئەمەلدارنىڭ بىرىدىن – بىرى يامان.
ساناپ كەلسە سانى يوق يۈزلەرنىڭ.
بەش كۈندىلا چەمى يوق ئوتۇكلەرنىڭ.
پۈتۈك دىمەك باج دىمەك ھەر جانغا باج.
ئاران تېپىپ يەي دىگەن بىر نانغا باج.
ئېلىپ كەلگەن چاكىلادىن ئوتۇنغا باج.
ھەتتا چىققان موراڭدىن تۈتۈنگە باج.
يانا تاپقان مىڭ تۇشۇك تويۇكگە باج،
ھەتتا ئىچكەن بىر يۇتۇم سۈيۈڭگە باج.
دىمەك چەتلۈك زامانى —— دەھشەت زامان،
يەپ تويمايدۇ چەل بىرى – توڭگۇز قاۋان.
غىدىلىك – يىدىلىك قانسا كىم ئالار باشنى،
كىملەر كورالەيدۇ مۇندا ئىچە باغرى تاشنى؟

2

ئەلى تورەم ئالەمدىن ئۆتكىنىدە،
ئەلمۇ ئادىل بىر باشنى كۆزلىگەندە.
ھەركەت قىلدى شۇ يەرلىك ئەمەلدارلار،
مىڭرويى① گىمۇ يىلىندى پۇلى بارلار.
بۇندا مەقسەت بەگ بولماق ئۆزچىتۈرپانغا.
ئىسكەنجىنى ھەم سالماق گۆل ماكانغا.
سوز تاشلىماق ھەتتاكى مايسىخانىغا.
قىلتاق سالماق شۇ بۇلبۇل باغرى تىغا.
بۇنىڭ بىرى ساۋۇت بەگ ـــ ئوت بېشىدىن
ياش بەگلەرمۇ خەۋەرسىز قالمىشىدىن.
يەنە بىرى ئاقيارنىڭ شىرىپ بېگى،
باردۇر بۇنىڭ ھىلىدىن كۆپ ئەملىگى.
تورەم بارچاغ بۇ بەگلەر بىلەن – جەت ئىدى.
ئېپى كەلسە قىماردا چىشلەت ئىدى②.
يىراقلاردىن كېلەتتى تازا قىلىپ،
قۇلنى باغلاپ باشنى يەرگە سېلىپ.
گىمادىڭلىتىپ تۈلكىدەك دۈپرۈغىنى،
كۆتەر ئىدى تورەمنىڭ بۇيرۇغىنى.
لېكىن تورەم بەرمەيتتى ئىچ سىرىنى.

① مىڭرويى ـــ چەتلۈكخانىنىڭ ئىلدىكى باش ئەمەلدارى.
② چەشمەت ـــ رىۋايەتلەردە قىمارۋازلارنىڭ پىرى دېيىلىدۇ.

ھەزەر بىلەن تاشلايتتى كوز قىرىنى.
گاھ تارتاتتى ئۆلارنىڭ تاناۋىنى،
رەھمە قىلماي سوكەتتى نىقاۋىنى.
ئەمدى ئۇلار بىرلەشتى سۆچۈك[1] بىلەن،
كېچىلىرى ئۇخلىماي تىڭ - ئىڭ بىلەن.
لېكىن سۆچۈك قورقاتتى ئەلىخاندىن.
مۇشكۇل ئىدى نەپ ئالماق ئۇچتۇرپاندىن.
ئاغزى غىرىچ بولاتتى تورەم دېسە،
سەزمەي قالدى تورەممۇ جورەم دېسە.
ئەمدى ئۇنىڭ ئاجايىپ پىلانى بار،
بىر قىز سۇنماق چەنلۇڭغا ئارمانى بار.
بۇ قىز بەلكى بولغۇسى ئۇيغۇر قىزى،
تولۇن ئايدىن چىرايلىق چولپان كوزى.

3

ئىشقا چۇشتى شىردىپ بەگ ساۋۇت بىلەن،
يۇرتنى كېزەر مىرزىسى داۋۇت بىلەن.
ياللىماقچى چەنلۇڭغا بىر گۇزەلنى،
نىشانلىدى ئاقپاردىن گۇلھەسەلنى.
گۇلھەسەلدىن گۇلدىنمۇ رەڭلىك ئىدى.
تولۇن ئايمۇ ھېسىدگە تەڭلىك ئىدى.
بىر پەرىكى تۇل خوتۇن ھويلاسىدا،

[1] سۆچۈك — چەنلۇڭ خانىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ئامبىلى.

تەگىدىشى كەم ئادەمى دۇنياسىدا.
چىرايلىرى ئەينەكتىن سۈزۈك ئىدى،
مەڭزى قىزىل، ياقۇت كوز ئۈزۈك ئىدى.
جادۇ كىرپىك، چاچلىرى سۇمبۇل ئىدى.
چىنار بويلۇق، خۇش ئاۋاز بۇلبۇل ئىدى
قىز ۋەسلىنى بۇ بەگلەر داغلىغاندا.
ھەيران قالدى سۇچىگمۇ ئاغلىغاندا.
كۇمۇش بەردى بىر تەخسە ھەر بىرىگە،
قەدەھ سۇندى ۋە يەنە ھورمىتىگە.
دىدى يەنە: بەگلىرىم رىزادۇر مەن،
كوڭلۇكلەرنى ھەر زامان ئالادۇرمەن.
سىلەر ئۈچۈن شان - شەرەپ خىزمەت قاماق،
ئاندىن شەرەپ پېقىرنى ئىززەت قاماق.
ئاتىسىغا ئىز باستى ئەسسەلامۇئەلەيكۇم،
ئاگا ياندىپ يۇرمەكتە رەھمەتۇللا.
چۈنكى ئۇلار بۇ يۇرتتا ئىناۋەتلىك.
زىيان بىزگە ئىش بولسا ئاداۋەتلىك.
ئېھتىياتچان بولۇڭلار ھەممە ئىشتا،
يەم بولمىسا بولمايدۇ ھەم چېلىشتا.
دىدى بەگلەر: مىڭ رەھمەت ئامبال سىزگە،
كوپ ئىئانە بەردىڭىز ئىككەمىزگە.
خىزمەت بولسا قىلارمىز بۇندىن كېيىن،
تاغ يېتكىشىمۇ بىز ئۈچۈن ئەمەس قىيىن،
دىدى سۇچىلىك: يونكەش نەس گۇناھەسىلىنى،

ئەسسەتتۇل بەگ ماكىدۇرماس بۇ گۈزەلنى،
دەردى بەگلەر: ئۇنىمۇ باپلاپ كىرەلى.
گەزى كەلسە يەم بىلەن ئالداش كىرەلى.

× × ×

قادەم تۇتقىل ساقىيا ئاۋاھەندالگە.
بەختى قارا بەتەلەي بۇ گۈزەلگە.

## يەتتىنچى باپ

I

سۈنتەك ئايدىڭ ئاخشىمى كۆز يەسلىدە،
شىۋىرلاشقان ئىككى ياش كىم ئەسلىدە.
قولاق سېلىپ گىيالار جىمجىت تۇرار،
بۇندا ئىقلىم شۇ تاپتا رەيھان بۇرار.
ئىچىۋېتىپ تولۇن ئاي يۈزلىرىنى،
ئاڭلاپ تۇردى ئاشىقلار سۆزلىرىنى.
بولسا ئىدى شۇ ئاينىڭ ئۇنالغۇسى،
ھەم بولمىسا شۇ پەيتتە تۇسالغۇسى.
«رەيھانەم سىز، لەيلەم مايسا گۈلۈم.
پەرىزاتنىڭ سەردارى سىز بۇلبۇلۇم.
ئىشقىڭىزدا كۆپ بولدى مەن كۆڭلى،
ئاللا نىسىپ قىلارمۇ بىر سۆيگىلى.
يارەي - يارەي ئا يارەي،
ئۇزۇڭ ئەجەپ يامانەي.
مۇرادىمغا يېتەلمەي،
بولدى رەڭگىم سامانەي.
يارەي - يارەي ئا يارەي،
دوزاق ئەلگە جاھانەي.

كېلەمدىكىن خەلقىمگە،
بۈندىن يامان زامانەي؟...»
داۋام ئېتەر قاسىمجان نەزمىسىنى.
باشلىۋەتتى يۇلتۇزلار بەزمىسىنى.
چىقتى سادا مايسىخان لەۋلىرىدىن،
ئايمۇ شۇندا توختىدى سەپىرىدىن:
«ئەجەپ كۆيدۈم قاسىمجان بەستىڭىزگە،
مىسال شەمشاد سۆيۈملۈك قەددىڭىزگە.
ئۈرگۈلۈپ ھەم چۆرگۈلۈپ كېتەلمەيمەن.
سىزنى سۆيمەي ئارزۇغا يېتەلمەيمەن.
مەن كۆرمىدىم سىز كەبى پالۋان يىگىت،
يۈزى ئايدەك، كوزلىرى چولپان يىگىت.
راستىنى دىسەم جىسمىڭىز گۈلخان يىگىت،
پەقەت جېنىم سىز ئۈچۈن قۇربان، يىگىت!
گۈل چىرايىم سارغايدى،
ئىشقىنىڭ بالاسىدا،
ئاتايمۇ سېنى يارىم،
كوزۈمنىڭ قارىسىدا.
جانانىم سەن، جانانىم سەن،
جېنىمدا گۈلزارىمسەن.
مېنىڭ ئىشىق ماگىمدەك،
كۆڭلۈم سۆيگەن يارىمسەن...»
مۇندان سوھبەت بولغاندۇر نەچچە كېچە،
گاھى كۈنى ھەتتاكى تاڭ ئاتقىچە.

ئككى گەۋدە شۇ ئاپتا بەكمۇ يېقىن،
ـزيگۇ مېهرى يۈرەكتە بولدى ئېقىن.
ئەمەل قىلدى ياش بەگلەر ۋەسىيەتكە،
ـسۇ سەپىمىدى شۇ قىزغىن مۇھەببەتكە.
گىرەلەشتى نەچچە رەت بارماقلىرى،
ئازمۇ قالدى ..ۈيگۈنىڭ بالداقلىرى.
ـبىلمۇ تولسا شۇ تورەم ۋاپاتىغا،
ـتەر ئىدى ئاشىقلار مىرادىغا.
ـكىن خەلق نېخچە مۇسىبەتتە،
ـۇرەم قاراپ تۇرغاندەك ئاخىرەتتە.
ئككى ئاشىق گۈللۈكتىن بولدى غايىپ،
چاچار ئىدى تولۇن ئاي نۇر ئاجايىپ،...

2

ـۇچىلاك بىردىن چىقاردى مۇڭگۈزىنى.
ئەيىنى دوراپ باياۋان تونگۇزىنى.
ـكەنجىمنى بىر ـ بىرلەپ قۇرۇپ تۇردى
ـبۇ بىزنىڭ بايلىقىنى سوروپ تۇردى.
ـزىداق چاغدا مىكروبنىڭ خېتى كەلدى.
ـلىك بەگكە ئابدۇللا ئېتى كەلدى.
ـشەنجىلىكمىش بۇ كىشى ھوكۇمەتكە،
ـەم تېتىمىش ھەر قانچە جامائەتكە.

3

بولمىسىمۇ بۇ يۇرتتا ھېچ - بايرام،
شاھەر ئىچى ئۇ تاپتا ئەجەب قايىنام.
گۈمبۈرلىگەن نەغمە ئۇ گۈم - گۈم قىلىپ،
بەزلەرنىڭ كۆڭلىنى غەمگە سېلىپ.
كەلگۈدەكمىش باش بولۇپ ئالىم كىشى،
دىن جەھەتتە يېتىشكەن، قارىم كىشى.
قۇرۇپ يالغۇز - ئۇرۇككە بارگاھىنى،
شەھەر خەلقى كۈتەرمىش ئۇ قارىنى.
بىردەمدىلا تارالدى رىۋايەتلەر،
سەپ - سەپ بولدى زەپ ھەيۋەت جامائەتلەر.
چىقىدۇ يولمۇ ئۇ زامان ئەگرى - دوقاي،
ياڭراپ كەتتى داپ - دۇمباق، ناغرا - سۇناي،
ئەمەلدارلار ئاتلانغان سەپتە قاتار،
بەزى بىرلە خۇشاللىقتىن چالغان دۇتار.
يىگىت - قىزلار سامادا پىلدىرلىشىپ،
سۈنئۈن ماتتان ماپچۇر چاقىرلىشىپ،
ئىپتى چالغان بىر ناۋا قاسىمجانمۇ،
ئۆيناپ كەتتى ئاجايىپ مايسىخانمۇ.
بۈگۈن سۆيۈنچلۈك زەپ خۇشال سەپ باشىدا،
ئەسسەتۇل، ھەم رەسمەتۇل بار قاشىدا،
چۈشتىن بۇرۇن دولچەرگە بارىدى يېتىپ

جەزىلەردە قالغانتى دەرمان كېتىپ.
يۇزدا باردۇر ئاجايىپ سوكەت بوستان.
سايىسىدا كوزۇنمەس ھەتتا ئاسمان.
زىلاچا - گىلەم سېلىنىپ ئەشۇ يەرگە.
باشلىنۇەتتى بۇبەردە بايرام - مەرىكە
چېرىكلەرمۇ ساقلىدى ئامانلىقنى.
بۇ جامائەت قالمايتتى يامانلىقنى.
قۇرۇلدى ھەم بىردەمدە ئاشپۇزۇللار.
پىشۇتۇپ كەتتى ھەممە ئىش قولمۇ - قوللار.
خەۋەر تۇچۇن ئاتلاندى ئىككى دوغا.
بىردىنمۇ - بىرىنىڭ ئېتى يورغا.
ئۇلغۇش دوڭگە كېلىپتۇ مېھمان كىشى.
ئەنە مېھمان، شۇ يۇرتنىڭ بولغۇر بېشى.
چاڭ توزۇتۇپ كېلەرمىش ھەيۋەت بىلەن.
ئابدۇللابەگ ھەممىدىن ھورمەت بىلەن.
ئوڭ يېنىدا يۈز لەشكەريالار ئىمىش،
سول يېنىغا يۈز لەشكەر تالار ئىمىش.
ھەم كېلەرمىش بەنلىشىپ ئوقيارىنى،
مەزى بىرلەر چالارمىش دېڭغا نىنى.
توپۇنچىسى مىنگەنمىش بوغان ئاتقا.
باشى ئىگەرمىش ھەممىسى شۇ بوزاتقا.
يۇنى كويگەن توخۇدەك سۆچىلىك شۇ تاپ،
ۋالاقلىدى تۇگچىغا ھەم پۇشۇلداپ.
ھاجىخە قوبىنىڭ گوشلىرى پىشاي دىدى.

قازانلارمۇ ۋاراقلاپ تاشاي دىدى.
كۈزۈنگەن چاغ شۇ تونپىنىڭ قاراسىمۇ.
ھەم ئاڭلاندى باشقىچە ناۋاسىمۇ.
ھۈنەرۋەنلەر بۇ جايدا زەپ زىل ئىدى.
تاماقتىكى ھۈنىرى مىڭ خىل ئىدى.
چۈشۈپ كەتتى مەشرەپكە قانچە كىشى.
بەسلەشكەنمۇ ئەر - ئايال، پىرى - يېشى.
داپ بىلەن تەڭ نەغمىسىدە بارماقلىرى.
پاھ - پاھ قاراڭ قاشىنىڭ ئوينىقلىرى!
سەنەم دىگەن بۇ يەردىن تارالغانمۇ؟
شۇ بۇ خەلق سەنەمگە يارالغانمۇ؟
يېتىپ كەلدى مېھمانلار بارگاھىغا.
تولۇپ كەتتى بۇ سەينا يارىكاللىغا.
نە خۇشاللىق كورنەر شۇ قارىدا.
مىڭ دوزاقنىڭ تەپتى بار چىرايىدا.
چۈشتى قارى مەيدىن چۈمۈپ تەرگە.
تەگدى شۇئان سۇچىكىنىڭ بېشى يەرگە.
خۇشامەت قىلىپ ئارقىدىن قول باغلىدى.
لېكىن قارى بولارنى سەل چاغلىدى.
كىم بىلگۈلۈك مەقسىدى تائامىمىكىن.
ئاندىن كېيىن ئازغىنە كالادىمىكىن؟
ئۇلاڭ يېنىدىن يولىگەن مەسلىھەتچىسى.
سول يېنىدىن يولىگەن خىزمەتچىسى.
قوغۇن - تاۋۇز كېلىندى لىگەن - لىگەن.

پەتنۇسلاردا سۇنىلار سىنچاي دىگەن.
ئۇسسۇلدىقىا قىنىشتى ئاتارمەنلەر،
يىتىپ كەلگەن قۇمۇلدىن چاپارمەنلەر.
ئەسسەتۇللا ئىنىسى رەھمەتول ھەم،
چىراي ئاچماي سىر بىلەن تۇردى شۇ دەم.
نىرى ئەدى بۇ بەگلەر خۇشامەتتىن،
ئابرۇي تاپقان بۇ يۇرتتا ئادالەتتىن.
بىراق سۇ چىلك شۇ تاپتا پەرۋانىدۇر،
ئابدۇللانىڭ ئالدىدا ئاۋارىدۇر.
ئابدۇللا بەگ ئاغزىنى ئۇيان ئاچار،
بالباپ دولۇپ ئارقىدىن بۇ يان ئاچار.
ئۇخلىمىدى جامائەت يىقىپ گۈلخان،
بولۇت ئىچرە كورۇنمەس ئايۇ - چولپان.
داش قازاندەك قارايغان كوكنىڭ يوزى،
مىھمانلارنى قالدىمۇ كىرمەي كورى.

× × ×

ساقى سۇنغىن ئاچچىقراق مەيلىرىڭنى.
سەنە كەلتۇر ئاز - تولا سەيلىرىڭنى.
ئىچەم - ئىچەي دىلىمنىڭ غەشلىگىدىن،
لىكىن ساقىلا پىقىرنىڭ مەسلىگىدىن.

## سەككىزىنچى باپ

I

ئەيلەي بايان ئابدۇللا قىلمىشىنى،
سېزىپ بولادى جامائەت بۇ كىشىنى.
ئابدۇللا باي، شۇ كۈندە سۇ چىنىك بويۇن،
ئاستا - ئاستا چىقاردى تەتۈر قويۇن.
ئېلىپ كەلگەچ يۈزلىگەن يان ئاياقنى،
تىزگىنلىدى پەم بىلەن ھەممە ياقنى.
بەزى بەگنى ئاستى ئۇ پىقىرىتىپ،
بەزىسىنى ئۇردى ھەم چىقىرىتىپ،
ئېپ تاشلىدى ئەمەلدىن بەزىسىنى،
قەمەللەرنىڭ ئالدى ھەم ۋەدىسىنى.
كۆچەيتىشتۇر ئالۋاڭنى بۇندا قىممەت،
ھەم سېلىشتۇر خەلققە قايتا كۈلپەت.
تەنۇرىگە بۇرۇلدى پەلەك چاقى،
ھەم كۆپەيدى كۈنسېرى ھەمتاۋاقى.
بۇندا يوقتۇر ئالۋاڭنىڭ مىسال سانى،
كېچىپ ماڭدى خالايىق مىڭ بالانى.

ئابدۇللانىڭ ئەللىكتە ئىدى ياشى،
قۇمۇل ۋاڭى يۈسۈپنىڭ قېرىنداشى.
شىنجاڭ ئارا مەشرۇيىدىن قالغىنىدا،
مەنسەپ ئىدى يۈسۈپنىڭ ئالقىنىدا.
كەلتۈرگەچكە جەنلۈك خان ئىشەنچىنى،
خالىغانچە يوتكىدى ئىسكەنجىنى.
مىسال - قۇلدۇر پۈتۈنلەي قۇمۇل خەلقى،
زۇلۇم بىلەن خاراپتۇر ئۇنىڭ ئەركى.
شۇڭا كەلگەن ئابدۇللا ئۆچتۈرپانغا،
بولۇپ ئاشىق شۇ گۈزەل گۈلىستانغا.
شورىساۋچى بۇ يۇرتنىڭ بايلىقىنى،
ۋەيران قىلىپ ئۆچتۈرپان ئاپىچىسى.
ھەر تەرەپتە قانمۇ - قان تاغلار تۇرسا،
تاغ باغرىدا رەڭگا - رەڭ باغلار تۇرسا.
بولاقلىرى بۇلدۇقلاپ ئويناپ تۇرسا،
دەريالىرى تاغلارنى بويلاپ تۇرسا،
تۈپ - تۈپ بولۇپ باۋا جان يايلاپ تۇرسا،
ئۇلا بىلەن ئەكىلىكلەر سايراپ تۇرسا،
بۇغا بىلەن ئېيىقلار دائىم تۇرسا،
جەننەتنىمۇ بىز ماكان چارى تۇرسا.
بەتتەمەدەككىن ئابدۇللا مۇرادىغا،
كۆيمەمدىكىن قانىمۇ تىز چىراپىغا؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2

خان ئوردىسى ئاجايىپ ھەشەمەتتۇر،
گۈلھەسەلگە ۋە لېكىن قىيامەتتۇر.
كەلگىنىگە ئۈچ ئايمۇ بولغان ئىدى،
مەسۇم قەلبى ھەسرەتكە تولغان ئىدى.
كېنىزەك دەپ ئەكەلگەن نەچچە قىزلار،
كېنىزەكچە ئۆتمىدى بۇندا ئىزلار.
بۇ چاغ چەنلوڭ ئەللىك تۆت ياشتا ئىدى،
سەلتەنەتلىك تاجىسى باشتا ئىدى.
شۇڭا يىغقان يۈزلىگەن پەرىزاتنى،
بىر پەرىزات ياقتۇرماس پەيلى باتنى.
ۋە بەزىسى بۇرچىنى قىلغان ئادا.
بۇرچى شۇكى جانىدىن بولغان جۇدا!
گۈلھەسەلنىڭ قەلبىدە ئارمان تولا.
ماڭار چېغى ئاڭلىغان پەرمان تولا.
ئەنە تۇشقان دەرياسى شاقىرايدۇ،
«ۋىجدانىڭنى ساتما!» دەپ ۋاقىرايدۇ.
ئەنە يالغۇز ئانىسى ئاتار موللاق،
بەزى بىرلەر دېيىشەر: «تەقدىر شۇنداق».
بولغا چىقسا زارلىنىپ جامائەتلەر،
قاپلىغانتى ئەقلىنى مۇسىبەتلەر.
ئەنە ئاقباش تىيانشان قالدى يىراق،

گۈزەل قىزنىڭ قەلبىدىن ئۇچتى چىراق.
كۆڭۈلدىن ــ كۆڭۈلگە سارغايدى ئويلاپ ــ ئويلاپ،
ئارزۇلىرى پەرۋازدا كوكنى بويلاپ.
كاشكى بولسا ئەگەردە بىرەر كەپتەر،
ئىز يورتىنى تاپاتتى ئارا ھەپتە.
قۇتۇلسام دەپ شۇ چەنلۇق باغرى تاشتىن،
خالى ئەمەس ھېچقاچان كوزى ياشتىن.
كۈن ــ تۈن ئوتمەس سۇرمەستىن مىڭ بىر خىيال.
جانان قىزدا بۇندىن ئوزگە يوقتۇر ئامال.
شۇنداق كۆڭلىنىڭ بىرىدە سەھەر چېغى،
ئوز چۈشىدە كورۈندى گۈزەل بېغى.
ئېتەر سەيرى يېتىلەپ ئۇ ئاناسىنى،
نە ئاناسى بۇ يېتىم پاناسىنى.
تولغان ئىمىش ئانىسى قارغۇ بىراق،
كوزلىرىدىن چىقارمىش ئىككى بۇلاق.
چىقارمىشكى بىرىدىن بۇلۇقلاپ قان،
ۋە بىرىدىن يېرىكمۇ گويا قونتان.
ئانا دىدى، ئويغاندى، بىھوش بولدى،
ئەتلى بىردىن يوقالدى گومۇش بولدى.
توكتى شۇنداق ۋاقىراپ موڭزارىنى،
نەغمىلغۇلۇق يۇرىگى مىڭ پارىنى:
«جانىم ئانا ــ جانىم ئانا، نى كۆڭلەرنى كورگەندۇرسەن،
مېنىڭ ئىشقى پىراغىمدا زار ــ زار يىغلاپ يۇرگەندۇرسەن.
ئەجەپ بولدۇم، ئەجەپ بولدۇم نېچۇك بەختى قارادۇرمەن،

ماكساك - تۇرساق تايىنىپ مەندە مىڭ بىر [illegible]
سۈرگەندۇرسەن ...

دېدى شۇندا بىر مانجۇ: «گۈزەل قىزچاق،
نە يىغلايسەن بىكارغا بولۇپ ئاخماق،
بۇندىن ئارتۇق بولامدۇ بەختىڭ سېنىڭ،
ئوينايدىغان ئېچىلىپ ۋاقتىڭ سېنىڭ.»
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ گۈلھەسەل جىم - جىت بولدى،
ياش ئورنىغا ئىتىنگى قانغا تولدى،
بۇ ئەھۋالدىن چەنلۇڭخان تېپىپ خەۋەر،
ئۇيغۇر قىزغا يەتتىمۇ دېدى خەتەر؟
ئاچىسىنى كىيمەستىن كەلدى يېتىپ،
ئەنە قىزچاق بىئارام بوللاق ئېتىپ.
يەنە كەلدى بىر قىسىم جادۇگەرلەر،
دوختۇر بىلەن تومۇچى دورىگەرلەر،
بىر ئورۇندا گۈلھەسەل تاپتى ئارام،
لېكىن يەنى تۈكۈلەر تارام - تارام.
تولغان ئۈچۈن بۇ قېتىم باغرى قانغا،
باياز قىلدى پىكرىنى چەنلۇڭخانغا:
«شەپقەتسىز شاھ قونۇۋەت بۇ رەت مېنى،
تېنىم ئەگەر ھەر قېتىم كۆرسەم سېنى.
قوغلاپ بەرگىن يۇرتۇمغا قايتىپ كېتەي،
ئۆپرىمىنى كىرزۇمگە سۈرمە ئېتەي.
بار يۇرتۇمدا ئاجايىپ كوركەم گىياھ،
بۇ گىياھنىڭ ئۆپرىغى ھەم ئۆتەر باھ.

جىر كېيىكى تېپىلماس تېنى تومۇر،
پەرۋىش قاسا كورۇدۇ يۈز يىل ئۆمۈر.
كۈمۈش ياپراق، مېۋىسى ئالتۇن نوزى،
بۇنىڭ ئۈچۈن مۇھتاجدۇر ھەم بەر يۈزى.
ياقۇت ئاقار تېنىدىن شۇنداق سۈزۈك،
بۇ تۇرۇقلۇق نە كېرەك گۆھەر ئۈزۈك.»
ھەيران ئېلىپ چەنلوڭ خان بۇ گىياغا،
مىرزىسىنى بۇيرىدى ھەم سىياغا.
دەرھال يېزىپ مەسلىھەتچى قويۇرۇغىنى،
بايان قىلدى مەكرويىگە بۇيرۇغىنى.
خەزىنىگە ئالتۇن لىق تولغاي ئىمىش،
ياپرىغىمۇ مىڭ لارىم بولغاي ئىمىش.
ئۇن تۆپ تاپشۇر دىدى – دەپ خېتى تامام،
بۇ تەسۋىرمۇ شۇ يەردە ھەم ۋەسسالام.

× × ×

تولدۇر ساقى شاراپنى ئالتۇن جامغا،
ئىچسەم – ئىچەي يولۇنۇپ ئەمدى تامغا.
سەنمۇ ئىچكىن بۇ قېتىم ئەسرا بولۇپ،
ئەجەپ ئەمەس قالسام مەن كۆيگىنە تولۇپ.

# توققۇزىنچى باب

1

ئۇچتۇرپاننى ھەر كۈنى ۋەھمى باستى،
نە ۋەھىمەكى زۇلمەتنىڭ تېغى باستى.
ئوتتى يەرلەر بايلارنىڭ قوللىرىغا.
ئۈندى تىكەن يوقسۇللار يوللىرىغا.
قېچىپ ماڭدى بەزىلەر يىراق جايغا.
ئۆ بەردىمۇ ئۇتتۇزلىدى يەنە بايغا.
قېنى تورەم قالدۇرغان ۋەسىيەتلەر،
ھايۋان كەبى قىينالدى جامائەتلەر.
ئەسمەتۇللا ئۆتمەكتە ئەلەم بىلەن،
رەھمەتۇللا ئۆتمەكتە ھەم غەم بىلەن.
غەرق قىلدى ئۇلارنى ئەلنىڭ ياشى،
تويۇلماقتا ھارامدەك يىگەن ئاشى.
چەكسە جاپا ئەل - يۇرتى قېرىنداشى،
نە ھاتىرجەم بولغايدۇر ئۇلار باشى؟
ئەد كۆڭلىرى سوھبەتتە ئاكا - ئىنى،
رازى ئەمدى ئەل ئۈچۈن كەلسە جېنى.

ئەمدى قانداق سىلغۇنلۇق بۇ جاھاننى؟
خورلۇق - زورلۇق قاپلىدى ھەر قاياننى!
شۇنداق كۆڭنىڭ بىرىدە قىش پەسلىدە،
ئىشىك قاققان سەھەردە كىم ئەسلىدە؟
كىمدۇر بىرى چىققاندا ھەيران بولۇپ،
تۇرغان بوۋاي كوزلىرى قانغا تولۇپ.
سوزلەر بوۋاي توكۇپ ياش تارام - تارام:
خۇدا ھەققى ئەرزىم بار جېنىم بالام.
ئاقتوقايدىن كەلگىچە كەتتىم ھېرىپ،
ئەسەتۇللا بېگىمنى قوي چاقىرىپ.
توختاپ دېدى بۇ كىشى كەتتى كىرىپ،
بايان قىلدى ئەھۋالنى دەرھال بېرىپ.
ئەسەتۇل بەگ شۇ پەيتلا چىقىپ قالدى،
ئوتتەك كوزى بوۋايغا بېقىپ قالدى.
سالام بەردى بوۋايغا قولىنى سۇنۇپ،
سايىت بوۋا بۇ ئىدى، قالدى تونۇپ.
كەلتۈرۈلدى ئاق نانلار سىنچاي بىلەن.
تىككى بەگ تەك سوھبەتتە بوۋاي بىلەن.
ئاخىر بوۋاي ئەلەمدىن سوز باشلىدى،
قۇۋاغىنا كوزىنى ھەم ياشلىدى:
«ئەلى تورەم رەھمەتلىك بار چېغىدا،
بىر گۈزەل ئىدۇق بۇ يۇرتنىڭ بىز باغىدا.
تۇرمۇشىمىز پاراۋان زەپ شات ئىدى،
ئەل ئىچىدىن قايغۇلار ھەم يات ئىدى.

قايان كەتتى شۇ كۈنلەر شۇ بۇ يۇرتتا؟
توزۇپ كەتتۇق كۆل بولۇپ كويۇپ ئوتساق
كۆچەپ كەتتى ھەرجايدا ئۆلۈم - يىتىم.
شىكايەتمۇ بولغاندۇر كۆرمەك قىيتىم.
يا ئىلاھقا يەتمىدى ئاھ زارىمىز،
ئۆكەپ كەتتى تەنلەردىن مادارىمىز».
بوۋاي سوزى چىچىلدى ھەر تەرەپكە،
كەلمەي قالدى ئاخىرى ئاغزى گەپكە.
ئۇلۇغ - كىچىك تىڭدى ئۇ ھەم ئاھ ئۇرۇپ،
سوز باشلىدى ئەسمەتۇل بىردەم تۇرۇپ:
«سايىت بوۋا توكتىڭىز دەردىڭىزنى.
قايناتتىڭىز قازاندەك زەردىڭىزنى.
بىزمۇ قالدۇق شۇ كۈندە خىجالەتتە،
يۈز كېلەرمىز قانداقچە جامائەتكە؟
ئابدۇللا بەگ بىزنىمۇ قىلدى قامال،
ئىش قىلىشقا بىۋاستە يوقتۇر ئامال.
ئىچىمىزگە دەرت يۇتۇپ كەلدۇق چىداپ.
ھەقىقەتكە جانىمۇ قويدۇق ئاتاپ!...».
ئىككى نەرەپ كوپ قىلدى سوھبەت بايان،
ھەم دېيىشتى بولسۇن ھايات - شايان،
ئىدى ئۇچاغ تاڭ ئېتىپ چاشكا ۋاقتى،
كىمدۇر بىرى شىددەتلىك ئىشىك قاقتى.
«چاقىر» دەپتۇ ئابدۇللا دوغىسىغا،
باش بەگلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئوردىسىغا:

بوۋاي قالدى شۇ تاپتا ھەسرەت بىلەن،
بەگلەر ماڭدى ئوردىغا ھەيۋەت بىلەن.

2

يانى باھارلىق نەپەسى كېلىپ قالدى،
ئۇچار قۇشلار نەغمىسى چېلىپ قالدى.
دەريالاردا تارقالدى چىرىمدانلار،
چىقىرايدۇ ھۆدۈيتۈپ ھەم بورانلار.
قاتتىق چەكتە ئىككى يۈز ئاتمىش كىشى،
جەڭدە كولاش دولىاقتا ئۈنلىڭ ئىشى.
كەسمەي كولاش شەرتىدۇر بىلتىزىنى،
بەزە شەرتتۇر پۈشۈرمەي توپىسىنى.
مۇنداق ئىشنى كورمىگەن ئىنسانىيەت،
قانچۇر چۈشلۈك خەلققە سالدى كۈلپەت.
لازىم ئىمىش تومۇر تەن ئالتۇن گىيا،
شۇڭا بولدى بۇ ئىشمۇ قىيا - چىيا.
ئون تۆپ كولاپ جىگدىنى ئىشمۇ پۈتتى،
ئىشلەمچىگە سۇغاقىنىڭ دەردى ئۆتتى.
بىگىرمە تۆت ھەر تۆپكە مەسئول كىشى،
ئىمە چارە بولسىمۇ سىڭ بىر بىشى؟
تۆتتى يەرگە ھوكۈمدىن لاتا قوزۇق،
داندای بولار بول بويى يىگەن ئوزۇق.
ئۆتتۈن ئاسمان دەرغەزەپ تۇرغان سەھەر،

يىغا ـ زاردا باشلاندى بۇندا سەپەر،
بۇزچە چىرىك ئېلچىنى يالاڭلىغان،
ھەم قولىدا تاياقلار پۇلاڭلىغان.
ئىلغىش دوڭگە ئەمدىلا يەتكەن چېغى،
جەۋرى ـ زۇلۇم جانىدىن چاق ئۆتكەن چېغى
ھاشاجىدا قالمىدى قىلچە دەرمان.
رەھمەتۇل بەگ باش ئىدى بىرىپ پەرمان.
قىلماس ئىدى يامان گەپ جامائەتكە،
غەيرەت قىل دەپ ئۈندىدىتتى جاسارەتكە.
كى بار ئىدى بۇ توپتا ئەرۇ ـ ئايال،
پۈتنى سورەپ ـ تىرەجەپ سۈرەر خىيال.
بول ئازاۋى ئەمەسمۇ گۇرۇ ئازاۋى؟
مۇشۇ ئازاپ ئۇلارغا تور ئازاۋى!
سىنىۋالغان لەشكەرلەر يوغان ئاتقا،
نىمە كارى چۈشسە ئەل دات ـ پەريادقا؟
تاغۇ ـ چۆللەر ۋاقىرار رەھمەتۇلغا.
دەريا كۆللەر ۋاقىرار رەھمەتۇلغا.
باغۇ ـ بوستان ۋاقىرار رەھمەتۇلغا:
«ئۇبدان ئويلان رەھمەتۇل بۇ ئىشىڭنى!
ئاللا راۋا كورەرمۇ قىلمىشىڭنى!
ئەي رەھمەتۇل كۆزۈڭگە شىرىك بولدۇڭ،
چىرىك بىلەن بىرلىشىپ چىرىك بولدۇڭ.
ئۇنۇتتۇڭمۇ تورەمنىڭ گەپلىرىنى،
كورمىدىڭمۇ خەلقنىڭ دەرتلىرىنى؟

بۇلار بىلەن بىرجانغۇ - جىيناك سىينىڭ،
شەرەپ ئەدى ھەق ئۈچۈن ئاقسا قېنىڭ.

× × ×

ئايا سادى مەي سۇنغىن ھەسرىتىمگە،
دورا بولسا كۆپايە غەزىۋىمگە.
شارابىڭنى ئىچەيمەن ئىچىش ئۈچۈن،
ئىچەي دەۋەت جىنايدىن كېچىش ئۈچۈن

# ئونىنچى باپ

## 1

ئېچىلمىدى غۇنچىچە كۆڭلۈڭ يەنى،
ياتامدىمۇ ئە ياكى يەرگە كوزى؟
كورۇشمۇ تەس تىيانشان قىرىسىمى،
شۇنچە ئەزىزا كورسىتەر گەۋدىسىنى.
يا ئەلەمدىن ئۇ يەركە چوكەمدىكەن؟
ياكى يانشى دۇلدۇردەك تۇكەمدىكەن؟
بەس! توختىياي تەسۋىرنى گەپكە كېلەي،
يالقۇنلىغان جەڭگىۋار سەپكە كېلەي.
جەڭدە سورەپ ماڭماقتا قېرىنداشلار،
ئۇرۇپ ھەيدەر ئارقىدىن باغرى تاشلار.
رۇستەم ئاتلىق بىر يىگىت ئىدى كېسەل،
قالغان ئىدى يېتەي دەپ ئاكا ئەجەل.
يېشى يېتىپ ئاخىرى ئاتتى موللاق،
ئاراملاتىپ بىر چېرىك سالدى تاياق.
دەرھال رۇستەم چارىسىز يېتىپ قالدى،
جانان بىرى ئۆزىدىن كېتىپ قالدى!

بۇ ئەھۋالغا چىدىماي شۇندا كىرىم،
چىرىكلەرگە ئېتىلدى دەپ: «ياپىرىم!».
ئالدىنىدا چىرىكنىڭ گانىيىدىن،
تۆت - بەش چىرىك ئېتىلدى ئارقىسىدىن.
بولغاچ كىرىم ھەركەتتە بىر چاقپىلەك.
مىنۇت ئىچىرە ئۈچ چىرىك بولدى ھالەك.
خەۋەر تاپقان پۇخرالار قالدى قېتىپ،
ھەۋەسسىزلەر ماڭمادىنا غەمگە پېتىپ.
رەھمىتۇل بەگ بۇزەكتى سەپ ئالدىدا.
كورمەي قالدى بۇ ئىشنى ھەم دالدىدا.
باشلانغاندا ۋەھىملىك قىيا - چىيا،
يېتىپ كەلدى بىر چىرىك ئۇچقاندەك گويا.
غەزەپلەندى قىلىچنى تۇتقان يىتى،
تىزگىن سىرىپ تۇرالماس مىنگەن ئېتى.
كىرىمجاندىن شارتىدە ئالدى باشنى،
جۇدا قىلدى جىنىدىن قوشۇم قاشنى.
شۇ مىنۇتتا رەھمىتۇل كەلدى ھەيۋەت،
كوزلىرىدىن چاقنىدى غەزەپ - نەپرەت.
غىلىپىدىن سۇغۇردى قىلىچىنى،
كىشى بىلمەس نىمە ئىش قىلىشنى.
ئۇل چىرىكنىڭ باشىنى ئالغان چېغى،
قالغان چىرىك تاڭ قېتىپ قالغان چېغى.
چىرىك بېشى تىل سالدى رەھمىتۇلغا،
ئۇچەنلىكى بولغاچقا بۇ ئىغۋالغا.

ئاتلان! دىدى رەھمەتۇل دەھشەت بىلەن،
چېرىكلەرگە ئېتىلدى شىددەت بىلەن.
بوران مىسال قوزغالدى جامائەتلەر،
ئاپلاپ كەتتى ئىقلىمنى دۈشمەنلەر.
ئەمەسىدى رەھمەتۇل پالۋان يىگىت،
كۆچ قۇۋۋەتكە ئاجايىپ تولغان يىگىت.
جەڭلەرگە خاس تونىنى يەشتى شۇ ئان،
بەش چېرىكنىڭ بېشىنى كەستى شۇ ئان.
بەش قىلىچنى بەش پۇخرا ئالدى قولغا،
پۈتۈن چېرىك ئېتىلدى رەھمەتۇلغا.
پەرمان قىلىپ رەھمەتۇل ئەر ـ ئايالغا،
دىدى يەنە ۋاقىراپ: ئالغا! ـ ئالغا!!!
جانى پىدا ئەيلەگلار قىرىنداشلار،
شەرەپ سىزگە بۇ جەڭدە كەتسە باشلار.
چېرىكلەرنى قىلايلى چوقۇم تار ـ مار،
ھاچۇرمايلى شەھەرگە، بولۇپ ھوشيار...
جاكالىدى رەھمەتۇل ئەيلەپ بايان.
ئات چاپتۇرۇپ «يارباغ»[1] قا بولدى راۋان.
چۈنكى يارباغ يادىكلىق ـ داڭلىق ماكان.
بۇندا كەلگەن دۈشمەنلەر قالماس ئامان.
كوز ـ كۆز قىلىپ چېرىكلەر قورالىنى،
بىسىپ ماڭدى رەھمەتۇل ئاياغىنى.
پۇخرالاردىن يانىدى بىرمۇ كىشى،

[1] «يارباغ» يۇرتىنىڭ ئىسمى.

شەرەپ ئەمدى بۇ جەڭدە كەتتە بىتىن
ھېچ بولمىسا تاش ئالدى قوللىرىغا.
تولگەن چىرىك پۇتلاشتى يوللىرىغا.
يارباغدىمۇ دېھقانلار ئەمدى دەرتمەن،
ئېلىپ چىقتى قولىغا توغاق، كەتمەن.
قومۇشلۇقتا[1] باشلاندى رەسمانى جەڭ،
بولدى گويا يەر ئۈستى بىر قىزىل رەڭ.
يېتىپ كەلدى بۇ خەۋەر ئوردا تامان،
تىككى ئەبلەخ چىقاردى پەرمان شۇئان:
بىرى سۇچىڭ رەھىمسىز، توڭگۇز — قاۋان،
بەنە بىرى ئابدۇللا ئەجدار — چايان.
جارلىق چىرىك ئاتلاندى ئالمان — تالمان.
قوللىرىدا قىلىچ ھەم ئوقيا، ئالغان.

2

تۇتۇل ئاسمان، تۇتۇلسۇن، ئاچما چىراي،
مەنمۇ سەندەك تۇتۇلماي قانداق چىداي؟!
تۆرەي ئەمدى كۆرەشكە بىلەكلەرنى،
ياۋغا ئاتاي توپ قىلىپ يۈرەكلەرنى.
ئات ئاستىدىن چاڭ چىقار مۇنارلاردەك،
بۇلۇت بىلەن تاقاشقان گۈمبەزلەردەك.
دەريا — دەريا ئاقماقتا ئەسكەر قانلار،

[1] قومۇشلۇق — جاي ئىسمى.

ئېلىشالىقتا ياۋ بىلەن قەھرىمانلار.
بىلەك ئۈستىدە رەھمەتۇل دۈركۈت ئىدى
يۈرەك - باغرى يالقۇنلۇق بىر ئوت ئىدى،
ھەم دەر ئىدى: غەيرەت قىل قېرىنداشلار،
ھەق يولىدا شەرەپتۇر كەتسە باشلار.
ئىلگىرىلىگەنلار كوكرەكنى قالقان قىلىپ،
ھەم يەڭگۈچىلار دۈشمەننى تالقان قىلىپ...
كىرنىمۇ تاقىتى كوكسىنى قويغان ئىدى،
چىرىكلەرمۇ چىنىدىن تويغان ئىدى.
چىرىك دېگەن تاشپۈلۈك ئەل ئالدىدا.
غۇلاپ چۈشەر تاغلارمۇ سەل ئالدىدا.
چېكىنگەندە لەشكەرلەر ھەركىتىدىن،
تەگدى ئوقيار رەھمەتۇل قاپ بىلىدىن.
تېشىپ چىقتى بىگىزدەك ئۈچلۈق بېشى،
مولدۇر بولدى شۇ پەيتتە ئەلنىڭ يېشى،
چىشىنى چىشلەپ رەھمەتۇل سوزلەر ئىدى،
جاسارەتتە غەلىبىنى كوزلەر ئىدى،
ئاقىۋەتتە باش قىيىپ بولالمىدى،
ئات ئۈستىدە بىمالال تۇرالمىدى.
دېدى: ئوقنى ئالماڭلار بەدىنىمدىن،
كەپ ئاڭلاڭلا ۋە لېكىن بۇ تىلىمدىن.
زەمبىل بىلەن كوتۈرۈڭلار ھەم تېنىمنى،
ئاسالىقچە بەرمەيمەن بۇ جېنىمنى!..
قايتا باشتىن جەڭ ئورنى بولدى دېڭىز.

تۇنۇت تەرەپكە قارىسا كۆز يەتكۈسىز —
چېرىكلەرمىز: «ئۆلدى» دەپ رەھمەتۇللانى.
سۆرەپ سالدى پۇخراغا قانلىق قولىنى.
شۇ ھالەتتە بۇ چەكنىڭ قوماندانى،
(ئىرادىسى پولاتتەك قەھرىمانى).
ئېچىپ تۇرار ئۇسسۇزلۇق لېۋى قۇرۇپ،
ھۇشىدىنمۇ كېتەر ئۇ گاھى، تۇرۇپ...
يەنە سۆزلەر بىردەمدە شۇنچە سىلىق.
چېكىسىدىن تەر ئاقار چىلىق — چىلاق:
«قېرىنداشلار قىلدىڭلار قەدرىمنى،
تۇمشۇق تاققا قويۇڭلار جەسىدىمنى.
كۆرسەم ئىدىم ئاكامنىڭ دىدارىنى.
كۆرسەم ئىدىم مايسەمنىڭ ۋىسالىنى.
زومۇرۋابەت دۇشمەنگە يېڭىلمەڭلار،
ئۇرغايدەك تىك تۇرۇڭلار، ئەگىلمەڭلار».
ئىسيانچىلار ئاق يوزغا يېتىپ قالدى،
بىراق يەڭنىڭ دەرمانى كېتىپ قالدى.
تېخى تۇرار قادىلىپ ئوقيار ئۇدا.
زەمبىل ئاستى تامچىغان قانىنىڭ يوقى.
ئىسيانچىلار ھەيۋەتلىك ماڭار ئالغا.
چېكىنمەكتە چېرىكلەر ئارقا — ئارقا.
نە بىلدىڭىز شۇ تاپتا شەھەر ئىچى؟
شۇ كەڭمىچە كەلمىدى ئالاقىچى.
تۇلتۇردىمۇ چېرىكلەر سېزىپ قېلىپ؟

كۆيدۈردىمۇ ۋە ياكى ئوتقا سېلىپ؟
باش توخۇمۇ چىللىدى ئاندا ـ ساندا،
يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەس ھەم ئاسماندا.
رەھمەتۇللانىڭ پۇت ـ قولى تىترىلىدى،
شۇ چاغدىمۇ كۆز ئېچىپ شىۋىرلىدى:
«قېلىچىمنى قويماڭلار ھەرگىز ئېسىپ،
قالمىسۇن ئۇ ھېچقاچان ھەم دات بېسىپ!..»
ئۇ چىقمىدى ئەتىكەي خۇمارىدىن!
چاپاكەشلەر ئايرىلدى سەردارىدىن.
ئىنتىقامنىڭ سازىنى چالدى جەسەت.
قورام تاشتا قاپلىنىپ قالدى جەسەت.

× × ×

ساقى مەي سۇن رەھمەتۇل ھۇرمىتىگە،
راسا ئىچەي قەھرىمان شۆھرىتىگە.
لېكىن تولا بۇ قېتىم دەردىم مېنىڭ،
قايناپ چىقتى بۇلاقتەك زەردەم مېنىڭ.

# ئون بىرىنچى باپ

1

شەھەر ياغىن ئاڭلاڭلار تەسۋىرىمنى،
ئابدۇللادىن ھەم باشلاي گەپلىرىمنى.
سېپىل ئۈستى ئادەملەر سانجاق - سانجاق.
تىزىلغاندەك گۈياكى يىپقا مونچاق.
شەھەر سىرتى چىقالماس بىرمۇ ئىنسان،
كىرەر بىرلا ۋە يەنە يوقتۇر ئىمكان.
ئىسيانچىلار شەھەرنى قاپلىۋالدى،
چېرىكلەرگە ھەيۋەتلىك تەھدىت سالدى.
كۈتۈۋەرمەي سېچەكنىڭ بۇيرۇغىنى،
ھەريان تىكتى چېرىكلەر قۇيرۇغىنى.
شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدى تاڭ سەھەردە،
مۆللاق ئاتار دۈشمەنلەر ھەممە يەردە.
يۈخرالارنىڭ جەسەدى دوۋەل - دوۋەل،
بۇنداق يېڭى بولغانمۇ زامان ئەۋۋەل؟!
يەنە ئاڭلاڭ ئابدۇللا قىلمىشىنى،
چېرىكلەرمۇ كورەلمەس بۇ كىشىنى.

تەشنا ئىدى ئۇ، شۇناپ بىر قاناتقا،
ھور - ھۆر يىغلاپ ھەم چوكتى بەرياتقا!
تاپقاندەك ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى،
ئايالچە قىپ ياسىدى جامالىنى،
ئەنە قالدى توپلىغان مال ھەم پۇلى،
ھىچ نەرسىگە بۇ مىنۇت بارماس قولى.
بەدەر قاچتى غەرپ ياق دەرۋازىدىن.
قالتىق قورقۇپ پۇخرالار ئەلپازىدىن.
سەزمەي قالدى ئەپسۇسكى ئىسياتچىلار،
كوزلەپ ماڭدى ئاقسۇنى قاچقانچىلار.
شۇنداق قاچار قويۇندەك تولغاپ يىزرۇت،
ئالاق - جالاق كوزلىرى ئوقۇپ دورۇت.
ئېتىنىڭمۇ نىزلىگى بىر قۇش ئىدى،
ئات ئۇستىدە ئۇ لېكىن بىھۇش ئىدى.
«شۇكرى» دەرلەر ئولۇمدىن قۇتۇلغاندا،
كورگۇلۇكنى كورمەمدۇ تۇتۇلغاندا؟
«قوش كورۇنەر قورققاندا» دىگەن گەپ بار،
دائىم باتۇر كەلمىگەي ئېلىپ ئوقبار.
— توختا! دەيدۇ ئورمانلار ئاۋدۇللاغا،
توپ - توختىغىن يىشكەكنى ئاساي دارغا!
— توختا! دەيدۇ شاقىراپ ئوستەڭ - ئېرىق —
ئالاي شۇدەم قەھرىمدە سىنى غەرق!
— توختا! دەيدۇ ھەم كوروۋپ ئىگىز تاغلار،
— توختا! دەيدۇ دالالار يەنە باغلار.

ئاران يەتتى ئاۋارىنىڭ ئارالىغا،
يۈرەك باغرى تىتىلىپ زۇۋانىغا.
كاتىخەيگە مەتنىدى خەۋەر قىلماق،
لەشكەر تارتىپ ئارقىغا سەپەر قىلماق.
كەچ كىرگەندە ئوردىغا باردى يېتىپ،
گەپ قىلالماي ھوشىدىن قالدى كېتىپ.
ئەمەلدارلار تونىدى ئابدۇللانى،
قالغان ئىدىن تىنىدە ئاران جانى.
بىر ئۆزۈندا چىقاردى زۇۋانىنى،
كاتىخەيگە ھەم ئەيلەپ بايانىنى:
«بوي سۇنمىدى پەرمانغا ئۆچتۇرپانلىق،
ھۆكۈمەتكە ئىسيانى يانا قانلىق.
چەنلوڭ خانغا سۇنۇپ بىز سوۋغا - سالام،
بولغان ئىدى يولىمىز بىر كۈن داۋام.
رەھمەتۇللا كۈشكۈرتۈپ پۇخرالارنى،
باشىمىزغا كەلتۈردى بالالارنى.
ئەھۋال خەتەر ئۆزىڭىز ئامال قىلىڭ،
ئۆچتۇرپاننى تېرگىنلەپ قامال قىلىڭ...»
كاتىخەينىڭ ئوت ياندى كۆزلىرىدىن،
ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئابدۇللا سۆزلىرىدىن.
غىچىرلىدى غەزەپتىن ئۆزىنىڭ چىشى،
چاقىرىلدى ئونلىغان نەۋكەر بېشى.
مەجلىس ئاچتى ئوردىدا شۇنچە مەخپى،
«شاپتۇلدىدۇر ئەسلىدە جىننىڭ پەستى».

جەمجەت ئەمەس ئاقسۇمۇ بۈگۈن كېچە،
ئۆزخېلىمىدى چېرىكلەر تاڭ ئاتقىچە.

2

ئەمدى باشلاي كېيىمنى ئامانەتتىن،
موسۇپ كىرگەن سېپىلگە جامائەتتىن.
كىم ئېچىنماس رەھىمىتۇل ۋاپاتىغا،
تورۇپ بولماس ئەقلىمىنىڭ پەريادىغا.
كىملەر ئۆلگەن، كىم تېرىك بىلىپ بولماس،
ئەھۋال ئەجەپ خەتەرلىك، تىنىپ بولماس.
نەسىمتۇل بەگ شۇئاندا بولدى پەيدا،
كوزى ياشتا، ئوزىمۇ بىر ھۆۋەيدا.
ئوكسۇپ ـ ئوكسۇپ باشلىدى جاكايىنى،
بەرمەك ئۈچۈن قاتىللار جازاسىنى:
«سوز ئىشتىڭلار، يۇرتداشلار ـ قېرىنداشلار،
كوڭلى سۇنۇق جاپاكەش قېرى ـ ياشلار.
ئەلەم قىلدى خەلققە باغرى تاشلار،
شەرەپ بۈگۈن بۇ جەڭدە كەتسە باشلار.
سىزگە كېرەك پەقەتلا ئەركىن ھايات،
پەي بولمىسا ئۈچالماس ئۇچار قانات.
پەدە بولسا تۇتايلى ئابدۇللانى،
تەييارلايلى زالىمغا بىزمۇ دارنى.
سىز چىكىدىنمۇ ئالايلى بۈگۈن ھساپ،

قىلمىشىدىن خەلققە بەرسۇن جاۋاپ...
ئىسيانچىلار ئوردىغا يەتكەن ئىدى.
ئىككى ئەبلەخ نەگەدۇر كەتكەن ئىدى
سەۋەپ: سۇچاك خەۋپكە تەييار ئىدى،
شۇبۇ زالىم ئۇ قەدەر ھەييار ئىدى.
ئىشقا سېلىپ ئويلىغان چارىسىنى.
تەييار قىلدى پارتلاش دورىسىنى.
ئولاش - چولاش چىقىشىپ مولجەر تاۋقا،
دىققەت بىلەن سەپ سالدى ھەممە ياققا،
ئولتۇرۇشۇپ كارۋاتقا چەكتى پىغان،
ئوتمۇ ياقتى پىلىككە بولدى گۇمران...
يەنە قىلدى ئەسمىتۇل جاكايىنى،
پولات كەبى چىكىتىپ ئەل رايىنى:
«قۇلاق سېلىپ ئىشتىڭلار جامائەتلەر،
ئاز ئەمەستۇر بىز چەككەن مۇشەققەتلەر.
توغرا بولدى بۇ قېتىم ئىسيانىمىز،
ئولۇپ كەتسەك قالمايدۇ ئارمانىمىز.
يېتۇن ئەرلەر قولغا ئالسۇن قورال،
يۇرتىمىزنى قوغدايلى قىلىپ ئامال.
قول سالماڭلار زادىلا خەزىنىگە،
ئىگە بولسۇن يوقسۇللار نەپىقىگە.
بىز ئىشلەيمىز ئاخىرى ئادىل بولۇپ،
بىرنىيەتتە ھەممىمىز دادىل بولۇپ.
بۇندىن كېيىن ھەر كىشى خار بولمايدۇ،

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ گۈزەل ــ تۈل خوتۇن خار بولمايدۇ.
قۇربانلارنى قويايلى يەرلىكىگە،
ملك تەنەككۇر بىلدۈرۈپ ئەرلىكىمە.
جەم بولۇڭلار يۇرتداشلار كەتمەي قاراپ،
ئۆزنى قوغداش مۇشكۇلدۇر تۇرسانى قاراپ.
چېكىنلەرگە باش بولغۇن قاسىم خانىم،
ھەم قىزلارغا باش بولغۇن مايسىخانىم.
بىزدە كەمدۇر ۋە يەنە قورال ــ ياراق،
قورال تۇتماي دۈشمەنلەر بولماس ھالاك.
قىلىچ ــ خالقان ياساڭلار ھۈنەرۋەنلەر،
مەنى قالغۇن ئوتيارنى ئاتارمەنلەر.
ئالدىمىزدا دەھشەتلىك جەڭ بولغۇسى،
تاغ ــ دەريالار بىر قىزىل رەڭ بولغۇسى.
ئەرۋ ــ ئايال بولايلى چوقۇم قەيسەر،
بوي سۇنايلى بۇيرۇقىغا پۇتۇن نەۋكەر...»
جامائەتنى ئەسمتۇل قىلدى قايىل،
تېرىك ئادەم شۇ جەڭگە بولدى مايىل.

× × ×

تۇتقىل ساقىي قەدەھنى ئەسمەتۇللاغا،
چىققۇن ئەمدى جېڭنى ئېلىپ قولغا.
تۇتقىل يەنە ماڭىمۇ ئىچەي شاراپ،
خەلقىم تارتقان ئەلەمدىن باغرىم كاۋاپ.

## ئون ئىككىنچى باپ

1

قالدى ئاقيار - ئاچىتاغ چاك - توزاڭدا،
بوران بىلەن چېچەكلەر يوق باراڭدا.
ئەنە كېلەر كاتىخەي دەر غەزەپتە،
بىر قورالسىز كىشى يوق شۇبۇ سەپتە.
ئوتيار - قىلىچ، قالقانلار پەۋەس - پەۋەس،
كورگەن كىشى قالادۇر ھەيرانۇھەس.
شۇنداق خىلدۇر بۇ توپنىڭ مىنگەن ئېتى،
شامالدىنمۇ ئىتتىكتۇر ھەم سۈرئىتى.
پىلان بىلەن توختىتىپ بۇ سەپەرنى،
قىلدى بەرگاھ قارغۇجا دېگەن يەرنى.
بەش چاقىردىم شەھەرگە شۇ بۇ مەللە.
ئابدۇللاغا ئاساندۇر ئەمدى پەللە.
تاماق يېگەچ بولۇشتى كوپ غۇل - غۇلا،
دەرگۇماندا تۇرغانلار ئاندىن تولا.
دېدى بىرى: كىرەيلى باس - باس بىلەن،
تېز ئالايلى شەھەرنى قىساس بىلەن.

دېدى بىرى: بىرەيلى بىشارەتنى،
سىناش كېرەك مەيداندا دىمەك مەرتنى.
دېدى بىرى: زەپ خىلدۇر بىزدە قورال،
باستۇرسىمىز ئىسياننى بولماي ھايال.
«ئۆلۈم يوقتۇر ئەلچىگە» يازايلى خەت،
شۇندىن كېيىن قىلايلى بىز كارامەت...
ئاخىر كەلدى ھەممىسى بىر قارارغا.
خەتنى ئېلىپ ئەلچىمۇ تېز بارارغا.
ئۆتۈپ بىر خەت تەسۋىدەك قولدىن ـ قولغا،
يېتىپ باردى بىردەمدە ئەسمەتۇلغا.
«ئۇزلاق سالغىن ئەسمەتۇل شۇبىر خەتكە،
نەسىھەت قىل ئىسيانچى جامائەتكە.
قارشى چىقتىڭ بۇ قېتىم ھۆكۈمەتكە،
توغرا ئەمەس قىلمىشىڭ شەرىئەتكە.
جاھىل بولساڭ بولۇرسەن كۈلكۈم ـ تالقان،
ئۆلمىگەندىن ئۆزگىچە دوفتۇر ئىمكان.
كېچىكتۈرمەي ئەلچىگە بەرگىن جاۋاپ،
تائەت قىلىپ تۇرمايمىز ساڭا قاراپ...»
ئىسيانچىلار بۇ خەتكە تۇرماي چىداپ،
ئەسمەتۇلنى دەرھاللا ئالدى تۇراپ.
— ھۆرمەتلىك بەگ بىر پەرمان بېرىڭ بىزگە،
كەلتۈرەيلى شان ـ شەرەپ خەلقىمىزگە.
«يا بىر ئۆلۈم ياكى كورۇم» بېرىڭ پەرمان،
قۇربان بولساق مەرتلەرچە يوقتۇر ئارمان!

ھايۋاندىنمۇ كوپ چەكتۇق مۇشەققەتنى،
كۆرەش قىلماي تاپمايمىز سائادەتنى...
ئاخىردا ئەسمتۇل يازدى جاۋاب،
پۇخرالارغا بۇ ئىشنى قالدى ياراپ.
«جاۋاب شۇكى كاتىخەي جاناپلىرى،
چۈشۈرۈم بىزدىن تارتىلغاي تاناپلىرى.
توغرا بولدى بۇ قېتىم ئىسيانىمىز،
بۇندا بولغان ئاجايىپ ۋەيرانى بىز.
ھەقىقەتكە ئاتىدۇق جېنىمىزنى،
دەريا قىلىپ ئاقتۇرۇڭ قېنىمىزنى.
ئاگاھ بولۇڭ ئەي جاناپ جېنىڭىزغا،
بىزمۇ تەييار بېرىشقا ئالدىڭىزغا...»
ئەلچىلەرمۇ بىر بېسىپ — ئىككى بېسىپ،
راۋان بولدى يولغا قۇيرۇق قىسىپ.
شۇ زامانلا ئاتلاندى بەش يۈز كىشى،
قېنى ياۋنىڭ بارمىكىن مىڭ بىر بېشى؟
ئەسمتۇل بەگ باش بولۇپ مىندى ئاتقا،
باش ئىگەمدۇ كاتىخەي پېيلى ياتقا؟!
كوپۇنچىسى بىلەتتى ماھارەتنى،
كورۇپ قويسۇن ئابدۇللا كارامەتنى!
گۆرزى — چۇماق قولىدا قاسىمجاننىڭ.
ئوت چاقنايدۇ كوزىدە باغرى تانىنىڭ.
قەسەم ئىچتى جەم بولۇپ بارى پەلۋان،
ئالدى ئوزۇق ۋە يەنە دورا — دەرمان.

قوغداپ قالدى شەھەرنى قىز - جۇۋانلار،
يەتتە قىزنىڭ سەپدىشى - قەھرىمانلار.

2

خەۋەر قىلدى ئەلچىلەر دەرھال بىر -
قالغان ئىدى ئۇ چاغدا ئازىن كەچ كىرىپ،
تۇرالماستىن كاتتىخىي تاراقلىدى،
بىر يىپىندا ئابدۇللا ۋالاقلىدى.
ھايالدىماي كورۇندى ئۇچتۇرپانلىق،
روھى جۇشقۇن، ھەركىتى ئەجەپ جانلىق!
سەكرەپ - سەكرەپ ئىزكىن كۆن تاغ كەينىگە
قانداق بالا بولاركىن ئەل بەختىگە؟
ئارقىدىنلا چىقىراپ چىقتى بوران،
ئاندىن ئوتە ئاسماننىڭ پەيلى يامان.
گىيلارمۇ ئەيلىدى مۇكزارىنى،
كالى كورمەس كىشىنىڭ دىدارىنى.
خىرىس ئىلار ئىككى، توپ بىر - بىرىگە،
دەزەر بىلەن تاتقى - تىكلاپ ھەر...گە،
ئىتلار ھاۋشۇپ ھەر ياندا ئاللاس ئارام،
كىشىنەشنى ئاتلارمۇ قىلار داۋام.
توشقان دەريا بىر ياندا شاۋقۇن سالار،
گاس - گاس جىم بولۇپ غەمگە ئالار،
ئۇزدان ئوتتى بۇ كېچە ۋەھىمە بىلەن.

غان توكۇشكە كوز قىداي رەھىم بىلەن،
ئالىڭ پەرىسى يۇلتۇزنى تەركەن چېغى،
تورغاي تاڭدىن بىشارەت بەرگەن چېغى،
كاتىخەپىنىڭ قوشۇنى چالدى نىگمال،
نەۋكەرلەرى يەڭ تۇرۇپ تۇردى دەرمال.
يۇخرالارمۇ تەييار دىرىپ قالغان ئىدى،
ئىزىز جاننى ئالقانغا ئالغان ئىدى،
ئونىيار – ماشىق يار ئىدى ئاندا سالدا،
ھېچ دىلىدا چوماق يار تىرىك جاندا.
ياشمغۇنچە ھايۋاندەك ئۆلگەن ياخشى،
جان كەتسىمۇ بىر قېتىم كۆلگەن ياخشى.
ئىككى تەرەپ سىلجىشىپ كەلدى بىرغىن،
يولامىدىكىن ياپىرەي قانلار ئېقىن؟!
كاتىخەيدىن بىر نەۋكەر چىقتى تەنھا،
بۇ باتۇرنىڭ يوغاندۇر ئېتى ئىسلا.
قەپىزدىكى شىر گويا بەستى ئۇنىڭ،
نەچچە باشنى ئۈزگەنماق قەستى ئۇنىڭ.
ئات ئوينىتىپ ۋاقىرار ئەجەپ دەھشەت،
«ئىسيانچىدىن بارمىكىن قېنى بىر مەرت!؟
تېز بولۇشقىن مېنىڭدە پوتتۇر تاقەت،
نەسلىم بولغىن پەيتىدە ئېلىپ ئىبرەت!!!...»
يارقىرايدۇ قولىدا قانلىق قېلىچ،
نە قېلىچىكى بىر غۇلاچ، دىسى غەرىچ،
توسۇپ تۇرغان تېنىنى پولات تاقان.

ئەلپازىدىن ئاغلارنى قىلۇر تالقان.
شۇ پەيتتە قاسىمجان چىقتى ئاتلىق،
ئەككى باتۇر، جەڭ قىلدى ئەجەپ قاتتىق.
قىلچىلارنىڭ بىسىدىن چاقتى چاقماق،
بىر - بىرىگە شىددەتلىك تىگەر جاق - جاق!
تەزگىن سىيرەر ئارغىماقلار تىپ - تىك بولۇپ،
چاقنار قاسىم كوزلىرى قانغا تولۇپ.
مۇشكۈل بىلەن ئىرغىدى ياۋنىڭ بىشى،
خۇددى دوملاپ چۈشكەندەك تاغنىڭ تىشى.
كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە چىقتى بىرى،
قاسىمجانغا ئىتىلدى كەلگەنىسىرى.
ئەمما ئۇنىڭ ھەركىتى زەپ تىز ئىدى،
بەش مىنۇتتا كاللىسى ھەم ئىرغىدى.
ئۈچىنچىسى ھەم چىقتى بىر شىر سىمان،
ئاۋازىمۇ دەھشەتلىك خۇددى قاۋان.
زەپمۇ قاتتىق جەڭ بولدى شۇ مىنۇتتا،
قاسىمجاننىڭ بەدىنى كويەر ئوتتا.
راستلا ياۋنىڭ باتۇرى چاققان ئىدى،
بۇ قوشۇندا بىردىن بىر پالۋان ئىدى.
كىتەي دىدى قاسىمجان شەيمانىدىن،
ئايرىلارمۇ خالايىق پەرۋانىدىن؟!
شۇندا قاسىم گۇرزىنى ئىلىپ قولغا،
رەقىبىنىڭ كەلتۈرۈپ سالدى غولغا.
بىرغىنىڭ بىلەن بۇ ئەبلەخ بەردى جانىنى

قانتىق چۇقان قاپلىدى بەر - جاھاننى-
ياۋ ئىتىلدى قاسىمغا بىرسى قالماي،
كوڭلى تىنماس باتۇردىن جاننى ئالماي-
ئالغا! دىدى ئەسمىتۇل سالدى ئاغماق،
ئىسيانچىلار ھەركىتى ئەينى چاقماق.
تاقاشقاندىك تىرەجەپ ئىككى گالا،
توقۇنۇشنىڭ ئەۋجىگە تولدى دالا.
ئىپلاپ كەتتى ئىقلىمنى ۋاقىراشلار،
جىننى چىقماي تېنىدىن خاقىراشلار.
مىسال يەل توپ بەر ئۈستى كۆزىمىك باشلار،
بولامدىكىن سايلاردا شۇنداق تاشلار؟
ئاللا كىملەر، ئوقيادىن ئۈزەر ئوقنى،
ساناپ بولماس بۇ مىنۇت بارى - يوقنى
تەن ئۈستىدە تەن ياتار قانلار چېچىپ،
يۈرەر ئىدى ئاتلارمۇ دەريا كېچىپ.
جان قۇتۇلماس قاسىمجان گۈرزىسىدىن،
ياۋ ئازلىدى باتۇرنىڭ زەربىسىدىن.
ئۇندىن باشقا بار ئىدى يۈزلەپ پالۋان،
ئەسمىتۇلدا قالمىدى بۈگۈن ئارمان،
شۇنداق جەسۇر بولامدۇ تاغ بۆركىتى؟
شۇنداق چاققان بولامدۇ باغ بۆركىتى؟
غەيتلى قىلدى ئەسمىتۇل ئابدۇللانى،
(ساق قالمىدى بۇ جەڭدە ئۇنىڭ جانى)
ئىسيانچىلار ھەم كەتتى شەيمانىدىن.

تېخى ئېشماي غەلىبىنىڭ داۋانىدىن.
يېتىپ كەلدى شۇ چاغدا يەتتە پەلۋان.
يۈگۈردىمۇ ياردەمگە يەتتە ئاسمان؟
دېمەك بۇلار مايسەم باش يەتتە قىزدۇر،
ئات ئۈستىدە ھەركەتتى ئەجەپ تېزدۇر.
قالغان دۈشمەن كوزلىرى ئالاق - جالاق،
يەتتە پالۋان زەربىسى بولدى ساۋاق.
بەدەر قاچتى كاتمەخەي ئاقسۇ تامان.
بۇرەك چىققان قېپىدىن رەڭگى سامان.
كۆنۈ تاققا كوكسىنى قويغان ئىدى،
ياۋۇز دۈشمەن جېنىدىن تويغان ئىدى.
كاتمەخەيدىن باشقىسى قاچالمىدى،
ھەر ئامال ئېپ قورغاننى ئاچالمىدى.
تەسلىم بولدى نائىلاج ئەسەنتۇلغا،
قىرال تاشلاپ، تىز پۈكۈپ، چۈشتى يېرلغا.

× × ×

ئايا سافى مەي سۇنغىن قاسىمجانغا،
مايسەم باشلىق يەتتە قىز قەھرىمانغا.
سۇنغىن تەكرار غەلىبىنىڭ شارابىنى،
تارتتى يۇغرا ياۋۇزلار تاناۋىنى.

# ئونئۈچىنچى باب

1

ئەسسىتۇل بەگ ئوردىغا ئامان كەلدى،
ئەلى تورەم باش بولغان زامان كەلدى.
ئازات قىلدى زۇلۇمدىن جامائەتنى،
ئاسان ئەمەس ساقايتىش جاراھەتنى.
باشلۇقنى بېكىتتى ئەل ھەممە جايلار،
تۈۋە قىلىپ باش ئەگدى ھەمدە بايلار.
بولۇپ بەردى يەر - سۇنى دېھقانلارغا.
ئاشۇ بەردى سارغىيىپ قالغانلارغا.
ئۇيغاردىكى شىرىپ بەگ ئىدى پەرۋان،
تېز ئىجرادۇر بۇ يۇرتتا ئەمىر - پەرمان.
ئوت يېقىمدىن ساۋۇت بەگ مەللام مۇشۇنداق.
خالايىققا كېيىم يېزىق ئوشۇق - توشۇق.
ئابدۇللادىن ئالغاچقا ئۇلار ئىبرەت،
تۈۋە قىلدى خالققە، تاپتى ھۆرمەت.
توشۇلماقتا شەھەرگە ئاشلىق - ئۇلاق.
ئۆيىدىن باشقا لازىمەت ھەم مال - مۈلۈك.

بۇندا مەقسەت ئايانكى جەڭ بولغۇسى،
ھەم دەھشەتلىك، كۆلىمى كەڭ بولغۇسى.
تىزىملاندى جايلاردىن پۈتۈن ئەرلەر،
قالدى ئايال، بالىلار، موتىۋەرلەر.
ھەر يۈز يىگىت بىر يەككە نەۋكەر بولدى،
ئىرادىسى كۆنسېرى قەيسەر بولدى.
ھايسەم مەسئۇل ئارقاسەپ خىزمىتىگە.
ئەش تاپشۇرار ئالتە قىز نەۋكىرىگە.
تەشكىللىدى ئاق ساقال بوۋايلارنى،
تەشكىللىدى ئاپپاق باش مومايلارنى.
غەمسىز قىلدى ياش تۇغقان ئانىلارنى،
تەربىيىلىدى چۆچۈك تىل بالىلارنى.
مولجەر تاغنىڭ چوققىسى مۇاچەر بولدى،
مولجەر شۆكى، بىر يانغىن ھۆكەر بولدى.
ئوت يېقىلغان كېچىسى قەلئە بېشى،
خەۋەر تاپماق يېغىدىن ھەممە كىشى.

2

ئەمدى گەپنى ئاڭلايلى كاتخەيدىن،
باختا ئاتقان زەي سالماي شۇم تەلەيدىن.
دېگىنى بەش يۈز نەۋكىرى، كەتتى قايان؟
كىتايخانىم بۇ سىرمۇ سىزگە ئايان.
كەلگەن چېغى جەڭ ئۈستى يەتتە پەلۋان.

قېچىپ كەتتى كاتتىخەي پەيلى شەيتان.
ئاران يېتىپ ئۆردىغا قىلدى نالى،
چۈشكىن ئىدى ئاجايىپ ئۇنىڭ هالى.
خوتۇنلىرى سۇ سەپتى يۈرىگىگە،
هەم سويۇندى تىچ - ئامان كەلگىنىگە.
تاڭ ئاتقىچە بولۇپ ئۇ. كوپ بىئارام،
ئەتىسىلا مىگرۇيگە يازدى سالام:
«سالام يازدىم جانابى مىگرۇي سىزگە،
رەهمى شەپقەت قىلغايسىز ئەمدى بىزگە.
ئىسيان قىلىپ شۇ يېقىن ئۈچتۇرپانلىق،
جەڭدۇ بولدى ئارتىمدىن يەنە قانلىق.
ئابدۇللا بەگ كەلگەندە پانا تىلەپ،
بەش يۈز نەۋكەر ئاپاردىم قىلىچ بىلەپ.
ساق قالمىدى بۇ جەڭدە بىرمۇ كىشىم،
ئاران كەلدى ئاقسۇغا يالغۇز بېشىم.
ئۆلگىنىدىن سۆچىگىنىڭ تاپتىم خەۋەر،
ئۇ دۇنياغا ئابدۇللا قىلدى سەپەر.
راستلا چىقتى بۇ قېتىم ۋەتنۋەردىگىم،
قانداق قىلاي بۇ دەرتنى هورمەتلىكىم؟
يانايمىسىز ۋاقتىدا بىرلىك جاۋاپ،
بولغا قاراپ بولمىسۇن باغرىم كاۋاپ...»
گەپلەر تولا بۇ خەتتە ئۇندىن باشقا.
بولماس ئىمىش زادىلا سەل قاراشقا.
بولدى شۇ چاغ ئەلچىلەر يولغا راۋان،

باي ئارقىلىق مۇزاتنىڭ ئاشتى داۋان.
خەتنى ئاڭلاپ مىگرۇينىڭ بېشى قاتتى،
ئويلاپ - ئويلاپ تۇۋى يوق غەمگە پاتتى.
ئۆزى قىسىپ بۇ قېتىم قويرۇقىنى،
ناشتۇككا چۈشۈردى بۇيرۇقىنى.
«بۇيرۇق شۇكى: ھورمەتلىك ناشتۇككا،
كاتىخەيىنىڭ كەلمىدى ئىشى ئوڭغا.
ئىسيان قىلدى كەڭ كولەم، ئۇچتۇرپانلىقە
زادى بولماس قىلىشقا سەۋرچانلىق.
پۈتۈن ئاقسۇ شۇ كۈندە پاراكەندى.
ئېپ كەلگەيسىز ئەلىك نەۋكەر سىزمۇ ئەندى-
ئىككى ياقتىن بىرلىشىپ كىرەيلى بىز،
پۇخرالارغا بىر جازا بېرەيلى بىز.
ھازىر قىلاي مەنمۇ ھەم ئۈچ مىڭ نەۋكەر،
كىرگۈلۈكنى بىر كىرسۇن ھەممە خۇمپەر.
چەنلىڭ خانغا بۇ ئىشنى قىلاي خەۋەر،
باغلاش كېرەك چەزمەنكى بەلگە كەمەر...»
مىگرۇي نويۇپ خېتىگە ئىمزاسىنى،
يەنە بېسىپ ھوكۇمەت تامغاسىنى.
يولغا سالدى ئەلچىنى تىندۇرماستىن،
ھەيۋە قىلىپ بىر كېچە قوندۇرماستىن.
كاتىخەيىگە تەككەندە مىگرۇي خېتى،
ھەم بولغاندا بۇ چەكدە ئىشارىتى.
راۋان بولدى ئەلچىلەر قەشقەر تامان،

ئاشتۆكنۇ تۈزغاندى دەل شۇ زامان،
هەپتە ئۆتمەي ئاشتۆك چۆشتى يولغا،
ئەسكەرلىرى قوراللىنى ئالدى قولغا.
كەلمەكتىكى قوم - توپراق لاۋى - لەشكەر،
كۆكۈم تالقان بولارمۇ شەھرى بەر - بەر؟

3

ئەمدى كەپتى ئىشىكلار ئۈچتۇرپاندىن،
ئەسەمتۇل بەگ، دايىمگۈل، قاسىمجاندىن.
ئىسيانچىلار جەم بولدى سىپىل ئىچرە،
پاشالىقۋەتنى تەييارلىق كولاپ لەخمە،
يۈزلەپ ئۇستا سوقمادا قىلىچ - قالقان،
بۇ غەيرەتتىن رەزىل ياۋ بولۇر تالقان.
تۆركىزىم - تۈركىزىم تۈسۈن ئات كۆندۈرۈلدى،
نەچچە مىڭلاپ يىگىتكە مىندۈرۈلدى.
ئېلىپ باردى بەس - بەستە ماھارەتنى،
كۆرەش بىلەن تاپماقتا سائادەتنى،
ئەسەمتۇل بەگ ئەسكەرلەر قوماندانى،
ئوقيار بىلەن ئاسماندىن ئاتار سانى
جوتۇن قىزلار باشىدۇر مايسىخانى،
بوددى ئەردەك ياساندى بۇ پەرۋانى،
يىگىتلەرنىڭ پىردىزى قاسىمجانى،
راھەت سىزەر چەكسىمۇ مىڭ جاپانى.

ئۆتكەن جەڭگە يەنە بىر يېرىپ كەلدى.
قانچە باۋنى شىددەتتە قىرىپ كەلدى.
گۆزەتمەكتە كۆنى - تۈن قاراۋۇللار،
ئەنىق قىلدى ئەھۋالنى ئەستۇللا.
يىگىرمە كۈن ئۆتكەندە ئەھۋال باشقا.
جان كىرگەندۇ كاتتىخەي باغرى تاشقا.
لەكمەك - لەكمەك كېلەرمىش ئاتارمەنلەر-
فان ئىچەرلەر، خەلقنى چاپارمەنلەر.
كورۇنمەيمىش چېكىدىن ئۇنىڭ يۈزى،
بۇ بالانى كۆرمىسۇن ئىنسان كۆزى.
يارمىش مۇندا ۋە تېخى زەمبىرەكلەر،
ئۇنى سورەپ ماڭغۇچى چاقىپېلەكلەر.
ئىسيانچىلار ئۇۋقاندا بۇ خەۋەرنى،
تەييار قىلدى شۇ كېچە ئات - ئېگەرنى.
مولجەر ئۇستى نەۋكەرلەر ئاقتى ھەر يان،
ھەيۋەت بىلەن ئاسمانغا ياقتى گۈلخان.
تېرى - چۇرى كىشلەر قاچتى تاققا،
قېلىن ئورمان جاڭگاللىق يەنە باققا.
كېلەر يېغى ھىچكىمنى كوزگە ئىلماي،
تېرىك جاننى ئولتۇرۇپ رەھىم قىلماي.
ئىسيانچىلار يۇزلەندى شەرق ياققا،
بارگاھ قۇرغان ياۋۇزلار مازار باققا.
شۇنداق چاغدا غەرىپنى سادا كەلدى،
نەساداكى، بىر يېغى بالا كەلدى.

نۇت نەرەپتىن قورشالدى جەسۇر شەھەر.
ئىرادىدىن باغلىدى بەلگە كەمەر.

× × ×

ھەي سۇن ساقى دەل بىلەن ئىچىمىگىم بار،
ھەقىقەتكە بۇ جاندىن كەچمىگىم بار.
ئايا ساقى بۇ قېتىم قان ئاققۇسى،
قان دەريادا كۆرمىگلاپ جان ئاققۇسى.

# ئون تۆتىنچى باپ

I

تۇتۇل ئاسمان، تۇتۇلغىن، يۈز ئاچمىغىن،
شۇ يىغىنى كۆرمىگىن، كۆز ئاچمىغىن،
كېلەر دۈشمەن ھەرياقتىن ھەيۋەت بىلەن،
ئىسيانچىلار ھەم تۇرار غەيرەت بىلەن،
ئايال زادى قالمىدى بۇ شەھەردە،
بار كەلكۈنى غەزەپنىڭ ھەممە يەردە.
يۈرەر مايسەم قاتمۇ - قات تاغ ئىچىدە.
ئاللە نەپەر نەۋكەرى داغ ئىچىدە.
ھەر بىرىنىڭ پەرھاتنىڭ كۈيگىنى بار،
چىن دىلىدىن ئارزۇلاپ سۆيگىنى بار،
يارى بىلەن كۆرۈشكەي ئامان بولسا،
قاراقچىلار يوقالغان زامان بولسا!
پەرمان قىلدى ئەستۇل جامائەتكە،
نۇرمان ئۆچۈن تاقابىل بۇ ئاپەتكە:
«جاندىن تويغان دۈشمەنلەر كېلىۋەرسۇن،

تۇۋە قالماي جايلاق قىلمۇرسۇن.
دۈشمەنلەرنى قىلمىز چوقۇم يەكسان.
بىزدە بىر چوڭ قورال بار، بۇدۇر ۋىجدان!
چېكىنمەڭلار ھېچقاچان مەردانىلەر.
ۋەتەن ئۈچۈن جان پىدا پەرۋانىلەر.
ئاتلىنايلى كۈرەشكە تىرىك جانلەر،
دەريا دەريا ئاقسىمۇ مەيلى قانلەر...»
بۇ ۋەزدىن پۇقرالار كۈچكە تولدى،
ئىززىز جاننى ھەم پىدا قىلار بولدى.
كوتۈرۈلدى ئاسمانغا شۇندا چوقان،
زىل - زىل قىلدى زېمىننى قەھرى گۈلدۈران.
خاتىرجەم بول ئەسسەنۇل سەركەردىمىز،
يۈرىكىڭدىن چىقمايمىز ھەر يەردە بىز.
— ئەركىن ھايات پىدائىلا كېرەك بىزگە،
ۋىجدانىمىز جەڭلەردە يولەك بىزگە.
— بۇ دۇنياغا بىر قېتىم تۇغۇلدۇق بىز،
نە سەۋەپتىن زۇلۇمغا بوغۇلدۇق بىز؟!
— باش ئورنىغا قان ئاقتى كوزدىمىزدىن،
ھېچ يانمايمىز بۇ قەسەم سوزىمىزدىن.
— قۇربان بولساق قالمايدۇ ئارمانىمىز،
ئەسكە ئالار كەلگۈسى ئەۋلادىمىز.
جەسەدىمىز ئايلىنار گىيالارغا،
قېنىمىزمۇ ئايلىنار سىيالارغا...
سېمىل ئىچى ئاددەلەر سانچاق - سانچاق.

www.uyghurkitap.com

تىزىلغاندەك گوياكى يىپقا مونچاق.
پۈتۈن پۈخرا زەھەردەست ئالغان قورال.
قىلىچلارنىڭ بىسلىرى قانغۇر پال - پال
پەلات قالقان بىرىلادى يالۋانلارغا.
ئىزىز جاننى ئالقانغا ئالغانلارغا.
جەڭ مەشقى ھەر جايدا قىزىپ تۇردى،
نەتىجىنى مىرزىلار يېزىپ تۇردى.
بۇ كۈنلەردە روياي چوڭ قاسىمجاننىڭ.
يار ئىشقىدا گۈلخانە پەھلىۋاننىڭ.
يات پۇرسەتتە كەلسىدى ياخشى كۈنلەر،
يەر يۈزىدىن يوقالسا قارا تۈنلەر.
لېكىن ياۋنىڭ ھەر قاچان پەيلى يامان،
بۇ پەيلىدىن بولمىدى ئەلمۇ ئامان.

2

گەپنى باشلاي كىتابخان ئامانەتتىن،
غەرب ياختىن باشلانغان پالاكەتتىن.
قوشۇن تارتتى ناشتۇك ھەيۋەت بىلەن،
دەر غەزەپتە دولقۇنلاپ قالدى تۈمەن.
كۈنلەر ئۆتۈپ ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ،
ناشتۇكنى كاتىخەي ئالدى كۈتۈپ.
بۇ ئىككى باش تېپىشىپ ئورمانلىقتا.
(كىشى كورمەس ئەپلىكرەك چاتقانلىقتا)،

سوھبەتلەشتى ۋە يەنە تۈزدى پىلان،
قان شورىماق ئۈچۈن ياراتقان خۇددى بىلان.
بۇ سوھبەتتە كاتىنخەي مەيۇس ئىدى،
ناشتۇڭغا يالۋۇرۇپ مۇنداق دىدى:
دۆڭچۈرپانلىق ئاجايىپ جايىل ئەلدۇر،
جەڭ كۈنلىرى يولۋاسقا مايىل ئەلدۇر.
بەش يۈز نەۋكەر ئەكەلدىم ئۆتكەن چاغدا،
قىرىپتەتتى ھەممىنى قالدىم داغدا.
كورسەتمىسەك بولمايدۇ پەم - پاراسەت،
گەر قارامىق قىلساقلا بار پالاكەت.
ئات ئۈستىدە ئەرلىرى شۇڭقار ئىكەن،
ئاتلىرىمۇ گويا كى تۇلپار ئىكەن.
قىلىچ تۇتسا قالىسىز ھەيران بولۇپ،
ئاخىر يەنە كەتمەيلى ۋەيران بولۇپ.
چىقارمىسۇن بۇ خەلق بىلىمىزنى،
ئىشلىتەيلى ھەر ئىشتا ھىيلىمىزنى.
جانابىڭىز ئەقىللىق مەشھۇر كىشى،
چەنلۇڭ خاننىڭ ياراملىق بىر سىردىشى.
باردۇر بەلكى سىزنىڭمۇ پىلانىڭىز،
ناغىنى تالقان قىلغۇدەك ئىرادىڭىز؟...
سوز باشلىدى ناشتۇڭ كوڭلى قارا،
بۇندا باردۇر ئاجايىپ نەپىسى بالا:
«بىز تۇرغاندا قانچىلىك پۇخرا دىگەن،
بىزدە كوپتۇر، زەمبىرەك، ئوقيا دىگەن.

ھەپتە ئىچىرە بۇ ئىسيان گۇمران بولۇر،
ئىسيانچىلار قاتىلىرى قىيان بولۇر.
ئىسيانچىلار جەم بوپتۇ شەھەردىلا،
شىددەتلىك جەڭ باشلاپتۇ سەھەردىلا.
شەرق ياقتىن سىز پەقەت ئۇسسۇپ كىرىڭ،
ئۆدۈل كەلگەن يەر بىلەن بوسۇپ كىرىڭ.
ھەممۇ كىرەي غەرپتىن ئاتلان - ئالمان،
ئەسمەتۇلغا قالمىسۇن قاچە ئىمكان...
كانخەيمۇ سوزلەندى شۇندا كۈلۈپ:
ئولجىلارنى ئالايلى تۈنكە بولۇپ.
چەتلۈك خەتقا بەرمەسەك زادى بولماس،
ئاڭلاپ قالسا بىزلەردىن رازى بولماس.
تۇندىن قالسا ئولجىنى مىڭرۇي ئالسۇن،
ئىككىمىزگە قالغىنى نەقلا قالسۇن.
چىچاڭلىدى داشتۇك مۇنداق گەپكە،
قاپاق تۈرۈپ ھەم كەلدى دەرغەزەپكە:
بوكەلسە كەلمەس گەپلەرنى قىلمۇرمەك،
جالغانچە مۇقامنى چېلىۋەرمەك.
ئۆتكەن جەڭدە بار تېخى گۇنايىڭىز،
ئۆتمىزدە نەسىدۇر جازايىڭىز.
ئاۋال باشتا ئىسيانىنى بېسىش كېرەك.
باشچىسىنى دارلارغا ئېسىش كېرەك،
ئولجىلەرنى بولۇشمەك نەس گەپ ئەمەس،
ھېساپ بىلەن پۇلغىلا قالماق ھەۋەس.

مۇندىن كېيىن سۆزلىمەك ئەيىپ تولا،
ئەلبەتتە قىلغان كۆڭلىرى بىر گەپ بولار....
ئەتىكى بىزرى سۆزلىشىپ كۈن پاتقىچە،
چۈشى خاتا سوقۇشتى تاڭ ئاتقىچە،
بىر بىرتنى بۇ قېتىم باپلىماقچى،
ئەيب تاپالا توھمەتنى چاپلىماقچى،

× × ×

ساقى مەنى شۇ دەمدە زاپاس ئالغىن،
كى پېقىرنى بۇ غەمدىن خالاس قىلغىن،
سوئۇپ قالدى تۈتقۇنغا ئەل بىچارە،
بۇنى كورۇپ يۈرىكىم پارە پارە.

## ئون بەشىنچى باپ

ياڭرىتىلىپ تۇرماقتا شەھرى بەر بەر،
ھۆكۈرەيدۇ شىر مىسال ئەنە مولجەر.
تىيانشانمۇ شۇ كۈندە پەرىشاندۇر.
ئون چاقىنغان كوزىدە باغرى قاندۇر.
توشقان دەريا چىشلىدى لەۋلىرىنى،
كىمگە ئېيتار مۇڭلىنىپ ئۇ سىرىنى؟
گىيالارمۇ ھەم تۇرار بويۇن قىسىپ،
نەۋ باھارمۇ كۆلمەيدى مۇنچاق ئېسىپ.
قالغاچلار بۇ ئىشتىن ھەيرانىدۇر،
ئۇۋىسىنى كورەلمەي ۋەيرانىدۇر.
چىل بورىلەر ھەرياندا ھۇلاپ يۈرەر،
كورۇپ قالسا تىرىك جان دەرھال سورەر
قالدى خەلق پۈتۈنلەي قورشاۋدا،
ھەممىسىلا ئولۇمنىڭ گىرداۋىدا.
سىرىتتىن خەۋەر ئۇقمىدى بىرمۇ كىشى،
سېپىل سىرتى چىغىسىلا يوقتۇر بىشى.

دۈشمەن كۆندە سېپىلنى بۇسۇپ باقتى،
قارغۇ چاشقان مىسالى ئۇسۇپ باقتى.
ھەر ئامال قىپ كىرەلمەي ئىچكىرىگە،
تاپا - تەنە قىلىشتى بىر - بىرىگە.
ھېچ قالمىدى ئويلىغان چارە - تەدبىر،
ئىشلىتىلدى قانچىلاپ ھىيلە - مىكىر.
ئەلەم ئۆستى ئەلەمدۇر ناشتۇڭغا،
ماختىنىپمۇ كەلمىدى ئىشى ئوڭغا.
ئىسيانچىلار ھەر مىنۇت ھوشيار بولدى،
كۆزلىرىدىن ئۇيقىمۇ بىدار بولدى.
ئەپسۇس يىلىڭ ھەم جۇلجۇل ئۆستى - بېشى،
قاتتىق - قۇرۇق، غورىگىل يېگەن ئېشى.
شۇنداقتىمۇ رەھمەتۇل سەردارى بار،
تەڭگە مادا كېسەلگە شىپاسى بار.

2

شۇڭقار بولۇپ تاغلاردىن ئايلان قەلەم،
مايىسخانىنىڭ دەردىدە چەكتىم ئەلەم.
سېغىنغاندۇر قانچىلىك ئۇ يارىنى؟
كىمگە ئېيتار مۇڭلىنىپ ئاھ زارىنى؟
نەئەيلەيىن يۈرىگى مىڭ پارىنى؟
نەئەيلەيىن كۆزلىرى خۇمارىنى؟!
بۇلبۇل ئىدى بىر چاغدا باغ ئاراسى،

دۆلدۆل بولدى شۇ كۆندە تاغ ئاراسى،
بولدى ماكان ئەجەبا تاغ ئوڭگۈرى،
تۆشمۇ ـ تۆشتا ھەرۋىلدەپ يۈرگەن بورى.
شەھەر بىلەن ئالاقە ھەم تۈختىدى،
نىم بولغاننى تىلاك ـ تىڭلاپ ھېچ ئۇقمىدى ـ
زادى قانداق بولغاندۇر ئەرلەر ئىشى؟
ئۈزۈلدىمۇ تاۋۇزدەك ۋە يا بېشى؟
ئوڭگۈردە سۇ ئەجەپ قىس بولۇپ كەتتى،
بەزى بىرلەر ئاچلىقتىن ئۇۋاپ كەتتى.
تەگدى كېسەل مۇشتۇمدەك باللارغا،
ئەلەم ئۈستى ئەلەمدۇر ئانىلارغا.
لېكىن مايسەم تىنىمسىز پەرۋانىدۇر،
بىر نەپەر قىز ـــ ئەل ئۈچۈن مىلك دانىدۇر،
قايان بارسا ھەمرادۇر ئالتە نەۋكەر،
تەلك كېلەلمەس بۇلارغا قانچە خۇمپەر،
ئۈچراپ قالغان چىرىكلەر ئولگەي تامام،
ياراقلىرى بۇلارغا سوۋغا ـ سالام.
مۇمكىن ئەمەس بۇ توپتىن قېچىپ كېتىش،
مۇمكىن ئەمەس يا يەرگە پېتىپ كېتىش.
شۇنداق ئۈستۈن يەتتە قىز ماھارەتتە،
شۇنداق كۈچلۈك يەتتە قىز جاسارەتتە.
بۇ بىر سىرنى چىرىكلەر بىلەلمىدى،
بارغانسېرى بىمالال يۈرەلمىدى.
بۇ مەرگەنلەر پەرىمۇ ۋە يا ئىنسان،

چىرىكلەرنىڭ بۇ ئىشقا ئەقلى ھەيران؟!

× × ×

ساقى سۇنغىن بۇ قېتىم خوشلۇق شاراپ،
كەل ئىچەيلى سىردىشىپ، تۇرما قاراپ.
تەبرىكلەيلى ئەلدىكى جاسارەتنى،
تەبرىكلەيلى ئاجايىپ ماھارەتنى.

# ئون ئالتىنچى باپ

1

شۇنچە قاتتىق جىڭ بولدى كۆنۈم – كۈنۈم،
تاپالمىدى چېرىكلەر قىلچە ئۈنۈم.
سېپىل باغرى جەسەتكە تولۇپ كەتتى،
ئادەم قېنى دەرياداك بولۇپ كەتتى.
كۆنمۇ شۇندا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى،
كاتىخەيگە ناشتۇك مۇنداق دىدى:
«ئەي، كاتىخەي كەلمىدىڭ ھېچبىر كېرەك،
بولالمىدىڭ پىقىرغا ھەم يار يۆلەك.
پۈتى كويگەن توخۇدەك يۈرمەكتىسەن،
چەكسەم جاپا، تاماشا كۆرمەكتىسەن.
نەۋكەرلىرىڭ قورقۇنچاق ئاندىن بەتتەر،
شۇ كەيپىڭدىن بىزگىمۇ كەلدى خەتەر.
بەسلىشەمسەن ۋە ياكى مېنىڭ بىلەن،
ئېلىشەمەن ئاخىرى سېنىڭ بىلەن ...»
كاتىخەيمۇ پەيتىدە بەردى جاۋاپ،
قالغىنىغا چارىسىز ھالى خاراپ:

«باشتا يوغان سوزلىگەن جاناپلىرى،
تارتىلدىڭمۇ نەچچە رەت تاناپلىرى!
دىمىدىڭمۇ بۇ ئەلنى دجايىل خەلق،
چەك كۆڭلىرى يولۋاسقا مايىل خەلق».
قىلماق ئاسان ئېغىزدا پوچىلىقنى،
كورسىتىش تەس ئەمەلدە نوچىلىقنى.
سۆنى كورمەي ئۆزلىرى ئوتتۇك سىلىپ،
هەم قويدىلا ئولجىنى تەقسىم قىلىپ.
نەۋكەرلىرىم ئاز قالدى ئۆلۈم يېتىپ،
قىستاۋېرىپ شەيمانى قالدى كېتىپ.
راست گېپىم شۇ تۇگىدى مەندە چارە،
بولغانلىرىم بىر تىپىن ملك ئاۋارە ... ».
سىلدۆەتتى ناشتۇك ئىككى تەستەك،
دەلدەڭشىدى كاتىخەي گويا مەستەك.
«قوش كورىنەر قورقانغا بىلىپ قويغىن،
تۆنجى چەڭنى نەزەرگە ئېلىپ قويغىن ... »
جان ئاچچىغى كاتىخەي توكۇپ ياشنى،
ناشتۇڭغا قول باغلاپ ئەگدي باشنى:
«جاناپلىرى ئەزەلدىن دانا كىشى،
گۇنا ئىكەن پېقىرنىڭ بۇ قىلمىشى.
كەچۈرسىلە بۇ قېتىم گۇنايىمنى،
كەچۈرسىلە مەنـدەك بىر مۇنايىمنى.
پانا تىلەي هەر ئىشتا ئۆزلىرىدىن،
بۇندىن كېيىن چىقمايمەن سوزلىرىدىن ... »

بۇ جەڭگاھنىڭ ئاخىرى مۇنداق بولدى،
بۆرىلەرنىڭ كىرزىلىرى قانغا تولدى.
كەڭ كولەملىك ھۇجۇمغا ئوتتەك بولدى،
مەغلۇپ بولسا، مىگرولىنى كۆزدەك بولدى.

2

يۈرمەكتىدۇر چېرىكلەر قىلىچ بىلەپ،
قارغۇ چاشقان مىسالى ھەم تەمتىلەپ.
ياسالماقتا شوتىلار نەچچە يۈزلەپ،
كېتەمدىكىن شەھەرنى ئەمدى تۈزلەپ؟
شۇندىلىقتىمۇ ھەركىمنى زەپ سۈس ئىدى،
ئۆزى غەمكىن، كۆزلىرى مەيۇس ئىدى.
ئۆلۈم ھەر ۋاق بۇرۇنغا بۇرار ئىدى،
قورسىقى ئاچ، تىترىشىپ تۇرار ئىدى.
توشۇپ قالدى ھايالسىز كۈتكەن سائەت،
بېسۇپ كىرمەك سېپىلگە بىر قىيامەت.
قانلار جەزمەن ئاقادۇر تاڭ سەھەردە،
جان قايغۇسى چېرىككە ھەممە يەردە.
بۇ ھۇجۇمغا ناشتۇك باش قوماندان،
سەل قاراشقا بولمايدۇ ئەمدى بىر جان.
ئىسيانچىلار بۇ ئىشنى بولغان سېزىپ،
سېپىل باغرى لەخمىلەر قويغان قېزىپ.
ھەر بىر يىگىت بەتلىگەن ئوقلىرىنى،

ئەپلىك جايغا يوشۇرغان دىدارىنى.
كېلىۋەرسۇن چېرىكلەر جاندىن تويسا،
قازا تاپقاي سېپىلگە قەدەم قويسا.
بەشىنچى ئاي بېشىدا دۈشەنبە كۈن،
سېپىل بويلاپ چېرىكلەر سەپتە پۈتۈن.
بەلگە بەردى ئوق بىلەن باش قوماندان،
شىددەت بىلەن چېلىندى ھەم بارابان.
ھۇررا! دېدى چېرىكلەر سېپىل تامان،
ھوكىرەمدۇ شۇ قەدەر توڭگۇز - قاۋان؟
چىقىشماقتا شوتىدىن تاراقلىشىپ،
بىر - بىرىگە يول بەرمەي پالاقلىشىپ.
سېپىل ئۈستى چېرىككە تولۇپ كەتتى،
ھەر تەرەپتە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كەتتى.
ئوت تۇتاشتى شەھەرگە ھاي - ھۇي دېمەي،
ئىسيانچىلار ھەم تۇرار ھېچ غەم يېمەي.
كورەلمىدى چېرىكلەر تىرىك جاننى،
قاتتىق چۇقان قاپلىغان ھەممە ياننى.
ئوت چاقنايدۇ ۋىژىلداپ ئوقلار ئۇچۇپ،
چۈشكىنىدەك ئاسماندىن يۇلتۇز كوچۇپ.
چېرىكلەرمۇ قىلىشىپ جاننى پىدا،
سېپىل ئىچرە سىرىلدى ئارغامچىدا.
چۈشەلمىدى بىرسىمۇ ساق - سالامەت،
يا بارمىكىن سېپىلدە بىر ئالامەت؟!
چۈشكەنلەرنىڭ چۈشمەكتە ئولۇكلىرى،

غال ـ غال تىترەر ئۈستىدە تېرىكلەرى.
ئەيـيۇھەننىاس! قانداقچە جامائەتبۇ؟
ئەيىيۇھەننىاس! قانداقچە پالاكەتبۇ؟
چىرىكلەرنىڭ چويۇندەك قاتتىق بېشى.
كوز چاناقتىن تارامىلاپ ئاقار يېشى.
مەجبۇر بولدى قىچىشقا ئويلىماستىن،
چىققىنىچە ئۆزىنى چاغلىماستىن؟
پاراكەندى شوتىدىن نوۋەت يەتمەي،
قىچىپ كەتسە بولاتتى بېشى كەتمەي.
ئىسپانچىلار ئوقلىرى گويا چاقماق،
بولغان ئىكەن چىرىكلەر راسا ئاخماق.
غالجىر ئىتتەك ناشتۇلۇك ۋاقىرايتتى،
بىر يېنىدا كاتىخەي كاكىرايتتى.
ئەلەم بولدى ئاجايىپ ناشتۇلۇڭغا،
ئەگرى پاچاق، يەل ئۆپكە بېشى چوڭغا.
ئۈچكۈن ئوتتى ئارىدىن ھەسرەت بىلەن،
سالام يازدى مىگرۇيگە ھورمەت بىلەن:
«سالام سىزگە ھورمەتلىك مىگرۇي جاناپ،
ئۈچتۇرپاندا ھالىمىز بولدى خاراپ.
ھېچ قالمىدى بىزلەردە ئەمدى دەرمان،
چېكىنىشكە بەرسىڭىز چوقۇم پەرمان.
ئىسپانچىلار راستىنلا «جايىل ئىكەن،
جەڭ كۆڭلىرى يولۋاسقا مايىل ئىكەن».
قايان بارساق ئورمانغا تواۇپ كەتكەن،

چارلاپ چىققان نەۋكەرلەر ئولاپ كەتكەن،
چوڭدۇر ـ كىچىك ھەممىسى ئاتارمەنكەن،
قوللىرىدا قىلىچ بار چاپارمەنكەن.
ھايالدىماي بەرسەڭىز بىزگە جاۋاپ،
تۇت بولمىسۇن كوزىمىز يولغا قاراپ...»

× × ×

ساقى سۇنغىن بۇ قېتىم تاتلىق شاراپ،
نە تاتلىقكى كوڭلۇمگە شاتلىق شاراپ.
مىڭ ـ مىڭ قەدەھ قىلغىنا ئەمدى تەييار،
مەرتلەر بىلەن كوتىرەي تەكرار ـ تەكرار.

# ئون يەتتىنچى باب

## I

ئەرزنامە مىكرۇيىگە يەتكىنىدە،
هاڭ - تاڭ بولۇپ ھۇشىدىن كەتكىنىدە.
مۇنچاق - مۇنچاق تەرلىدى پايىنەك بېشى،
ھەم ئاجايىپ چېچىنىڭ غۇچىرلىشى.
تاراقلىدى غەزەپتە ئوردا ئىچى،
قولغا چىقتى قوزۇقتىن ھەم قىلىچى.
ئەلچىلەرنى چاپقىلى قىللا قالدى،
شاپلاقلىرى قانلارغا ھەم بويالدى.
كەلتۈرۈلدى شۇل زامان قەغەز - قەلەم،
بولمىغاندۇر ئۆمرىدە مۇنداق ئەلەم.
بۇ ۋەھىملىك ئەھۋالدىن بارار قايان؟
چەنلۈك خانغا پىكرىنى قىلدى بايان:
«ئايان بولسۇن بابانىم سىزگە شاھىم،
تەگىدىشى يوق، ئىززەتلىك قىبلىگاھىم.
ھوكمىڭىزگە بىزي سۇنماي ئۇچتۇرپانلىق،
ئىسيان قىلدى ئاجايىپ يەنە قانلىق.

ئەزبۇ كۈندە باش قېتىپ ھەيرانە مەن،
باسالماستىن ئىسيانىنى ۋەيرانە مەن.
بۇ ئىسيانغا ئۆزىڭىز چارى قىلىڭ،
شەنىگىزنى بۇ قېتىم جارى قىلىڭ...»
خېتى ماگدى مىگرۇۋېنىڭ كۈن - تۈن دىمەي،
قانداق تۇرسۇن بۇ ئىشتىن ئۇ غەم يېمەي؟
بۇ ئىسياندىن چەنلۇڭ خان تېپىپ خەۋەر،
قوماندانىغا بۇيرۇدى: قىلغىن سەپەر.
سېپكە تۇردى ئاتلىنىپ ئون مىڭ نەۋكەر،
ئىزلىدىسى بۇ جەڭگە خېلى قەيسەر.
ياڭرالىدى يۈزلىگەن توپ - زەمبىرەك،
بۇ قوشۇننىڭ ھەيۋىسى ئاسمان - پەلەك.
بۇ قوشۇنغا ئاگۇيىنىڭ ئۆزى باشتۇر،
بۇ قوماندان ئاچايىپ باغرى تاشتۇر.
ئات ئۇينىتىپ قوشۇنلار يولدا كېلۇر،
قىلىچ بىلەن تۇغ - ئەلەم قولدا كېلۇر.
ھېچ گەپ ئەمەس بۇ كۈچكە ئۇچتۇرپانلىق،
مىلتىق يېغى بولغۇسى تېرىك جانلىق.

2

سېپىل ئىچرە قاپتىمەن كىتاپخانىم،
ئىسيانچىمدىن قايغۇرۇپ يوق ئارامىم.
ئەسىمتۇل بەگ بىر كۈنى جاكا قىلدى،

لەختە ـ لەختە دىللارغا داۋا قىلدى:
«ئۆرغىدى دىللار قېتىدىن قەھرى ـ ۋۇلقانلار بوگۈن،
يانمىدى ئىرادىسىدىن مەردۇ ـ مەردانلار بوگۈن.

قوزغىلىپ چىقتى كۆرەشكە ھەق ئادالەت يولىدا،
جاننى ئەيلەپ پىدا مىللى پەرۋانلار بوگۈن.

بىز قېلىپ سىپىل ئىچى بەردۇق قاۋانغا زەربىلەر،
ۋە لېكىن چوللەردە سەرسان يارۇ جانانلار بوگۈن.

بەل سۇنۇپ كەتسە - كېتەركىن سۇنمىغاي ئىرادىمىز،
ئارقىسىغا قايتۇرارمىز كەلسە توپانلار بوگۈن.

باغلىدۇق بەللەرنى مەھكەم جەسۇرانە روھ بىلەن،
ھەل بولۇر جەڭلەر ئارا خەلقىمدە ئارمانلار بوگۈن...»

سوزلىدىكى بىر پۇخرا تىلى بولبول،
كىيىملىرى ئاجايىپ ئىدى جۇل ـ جۇل:

«ئاھ دىدۇق، پەريات چەكتۇق يەتمەس ئىلاھقا زارىمىز،
قول بولۇپ زالىملىغا قالمىدى بىرمۇ چارىمىز.

بەرگۇسى يولغۇنلىغا ئاققان قىزىل قان رەڭگىنى،
يىل ئوتۇپ، ئەسىر ئوتۇپ ئۇشبۇ ئىزىز دىيارىمىز.

سېپىمىز ياۋلارنى بىز ھەر ـ بىر خەتەردە تىك تۇرۇپ،
باش بولۇپ تۇرغان چېغى سىزچە ئۇلۇغ سەردارىمىز.

ئاتىدۇق جاننى بۇگۈن تەگسىز ھاياتقا ئوق قىلىپ،
نامىمىز ئۇچمەس پەقەت كەتسەك ئۆلۈپ ھەمبارىمىز.

چىلىڭ نومۇس تەسلىم بولۇش ـ ئۆلمەي تىرىك ياۋ ئالدىدا،
بىز ئۈچۈن ئەڭ زور مەدەت قىلغان قەسەم ـ قارارىمىز»

بىر تەرەپتە پۇخرالار ئاچار مەجلىس،
بىر تەرەپتە چىرىكلەر قىلۇر خىرىس.
ياۋۇزلارنىڭ باشلىرى قېتىپ كەتتى،
باش ـ ئۇچى يوق ئويلارغا پېتىپ كەتتى.
تۇمشۇقىغا مۇشت يېگەچ بىر نەچچە رەت،
پېتىنالماي ھۇجۇمغا چېكەر ھەم دەرت.
يا كەلمىدى مىكرۇيدىن تېزراق جاۋاپ،
ناشتۇكىنىڭ شۇكلاشقا باغرى كاۋاپ.
ئۈمەت يېپى ئۈزۈلدى كاتخەينىڭ،
پىشانىسى شورمىكىن بىتەلەينىڭ؟

× × ×

ئايا ساقى قەدەھ تۇت رەھمىتۇلغا،
مەنمۇ شۇ تاپ بىر قەدەھ ئالاي قولغا.
سادا چىقسۇن جاراڭلاپ رۇمكىمىزدىن،
ئالقۇننى كۆر، چاقنىغان تەلىيمىزدىن.

# ئون سەككىزىنچى باپ

1

ناشتىغا بىر كۈنى خەۋەر كەلدى،
قېتىپ كەتكەن بېشىغا خەتەر كەلدى.
يېقىنلاپلا كەلگەنىمىش «يەتتە خۇمپەر»
كوك قەمرىدىن چۈشكەندەك يەتتە ھۆكەر.
ماكان قىلمىش جاڭگاللار ئاراسىنى،
دەل ئاتارمىش كورسە جان قاراسىنى.
ئوتتۇز نەۋكەر تەشكىللەپ بىر تالڭ سەھەر،
ئوزى باش بوپ ناشتۇك قىلدى سەپەر.
بۇلار كىلىپ جاڭگالغا ھاي - ھۇي دىمەي،
ئىلگىرىلىدى ۋە يەنە ھىچ غەم يىمەي.
يامانسۇنىلڭ چېتىگە يەتكەن چېغى،
ئېنىق بولدى ئەجەلنى ھەم كورمىگى.
بەش چىرىگى يىقىلدى ئارقا - ئارقا،
غايىپ ئوقتىن ئوزگىچە يوقتۇر سادا.
دىدى شۇندا ناشتۇك نەۋكەرلەرگە:
«ئوت ئېچىڭلار بۇ ئەبلەخ، خۇمپەرلەرگە!

يەتتە پەلۋان هايالسىز سۇرۇپ كەلدى،
ئات ئويىنىتىپ بىلەكنى تۇرۇپ كەلدى.
شۇنچە دەھشەت باشلاندى قىلىچۋازلىق،
ئوتتۇز مەرگەن يەتتىگە قىلۇر ئازلىق.
ئارقا ـ ئارقا ئىرغىدى ياۋنىڭ بېشى،
تاشتۇكنىڭ كۈچەيدى ھەم تەشۋىشى.
«نەكەلدىمەن، ــــ دىدى ئۇ ــــ بولۇپ ئاخماق»
كۆز ئالدىدا قىلىچلار چاقار چاقماق.
ئۆم بولغاندا ئون بەشى چىرىكلەرنىڭ،
كالۋالاشتى پۇت قولى تىرىكلەرنىڭ.
ــــ چىكىن! ــــ دىدى تاشتۇك دەھشەت بىلەن،
بەدەر قاچتى بۇ كەسكىن پۇرسەت بىلەن.
قالغان چىرىك بولۇشۇپ ئالاقزادە،
نىكىزەتتى گاھ ئاتلىق، گاھ پىيادە.
بۇنىڭدىنمۇ بىر قىسمى يەر چىشلىدى،
بۇ زەربىدىن ئاتلىرى مۈڭگەشلىدى.
بۇ يەتتىسى يەتتە قىز قەھرىمانىدۇر،
ھەركەردىسى پەرىزات مايىسخاندۇر.
مۇنداق باتۇر كەم چىقار قىز ئىچىدە،
ئۇن قۇياشنىڭ تەپتى بار ھەر بىرىدە.
قايسى ئەرنىڭ بەستى بار يەتتە قىزدەك؟
قايسى يەرنىڭ قىزى بار يەنە قىزدەك؟!
ئەمدى گەپنى ئاڭلايلى تاشتۇكتىن،
بۇ قېتىمدا چىققىنى ئىشى تۇشتىن.

www.uyghurkitap.com

يېتىپ كەلدى مىڭ تەستە بار گاھىغا.
تۇرۇپ بولماس بۇ مىنۇت پەريادىغا.
بايان قىلدى ئەھۋالنى يىغلىغانچە.
كەر يارىسىمۇ قارىنىنى ئامال قانچە؟
«كېلىپ قالدى، — دېدى ئۇ، ئىشىم چەپكە.
قوراللىنىپ يۈز نەۋكەر تۇرسۇن سەپكە».
قوماندانلار بۇيرۇقنى بىجا ئەتتى،
يۈز نەۋكەرمۇ شۇ زامان يۈرۈپ كەتتى.
بارار ئىدى تاراقلاپ چىغىر يولدا،
مىلتىقلىرى ئېسىغلىق، قىلىچ قولدا.
بۇ ئەلنىڭ بىپايان ئورمانلىرى،
قاتلام - قاتلام تاغ ئىدى ھەريانلىرى.
تىمىسقىدى چىرىكلەر، سالدى قۇلاق،
ھەم مېڭىشتى پەم بىلەن ئۇياق - بۇياق.
سىرلىرىمۇ ئوزگىچە بۇ ئېقىننىڭ،
كورۇنمەيتتى قارىسى ئىنىسى جىنىنىڭ.
شۇ چاغ قۇياش ئۇپۇققا پاتاي دىدى،
يۈز چىرىكنىڭ باشلىرى قاتاي دىدى.
شۇندا بوران كەلدىكى تىيانشاندىن،
قاپلاپ كەتتى ئەقلىمنى، چېكى ئاندىن.
بىر قىيانىڭ باغرىغا چوكتى دۇشمەن،
تۇكۇلگەنچە كىرپىدەك موكتى دۇشمەن.
چاقتى چاقماق دەھشەتلىك گۈلدۈر - گۈلدۈر،
چۈشتى بىردىن يەر تامان كوكتىن مولدۈر.

مانا شۇ چاغ ئوق چىقتى ساداقلاردىن،
بۇ چىققان ئوق كەلگەندۇر قاياقلاردىن؟!
چىرىكلەرنىڭ يەر چىشلەپ ئۈچتىن بىرى،
بەدەر قاچتى جېنى ساق قالغانلىرى.
تۈن يېرىمدا چىدىرغا يېتىپ كەلدى،
قورقۇنچىدىن شەيمانى كېتىپ كەلدى.
ناشتۇڭغا ئەھۋاللار بايان بولدى،
ھەسرەت چېكىپ يۈرىگى قانغا تولدى.

× × ×

مەي سۇن ساقى يەتتە قىز - پەرۋانىغا،
يەتتى ئۇلار بۈگۈن بىر ئارمانىغا.
كۆرسۇن مەينىڭ ئەكسىدە ئۆز جامالىن،
كۆرسۇن يەنە شاتلىقتا ئۆز كامالىن.

# ئون توققۇزىنچى باپ

1

يازغىن قەلەم ھەسرەتنىڭ ساداسىنى،
نەساداكى قان قىيان دەرياسىنى.
ئاگۈي كەلدى زەپ ھەيۋەت قوشۇن تارتىپ.
يېزىپ تۈردى ئەھۋالنى نەچچە كاتىپ.
مەسلىھەتكە مىگرۇبنى ئېلىپ كەلدى.
لەكمىڭ لەشكەر كەينىگە سىلىپ كەلدى.
ئاۋال باشتا ئاقسۇنى ماكان ئەيلەپ،
ھىلە بىرلە بەگلەرگە زوۋان ئەيلەپ.
جاي - جايلاردىن چاقىردى يۇرت باشنى،
ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ ھەم كوز ياشنى.
ئېغىز ئاچتى ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت بىلەن،
چەنلۇق خاننى تىلغا ئېپ ھورمەت بىلەن:
«تەبرىكلەيمەن سىلەرنى موتىۋەرلەر.
خانغا سادىق، ئەقىللىق ئەي ھۆكەرلەر.
ھەممىڭلارغا شاھىمىز دىدى سالام،
زەپ بىرلاقتا شۇ كۈندە ئۆز بىغرام.

بىجا ئەتمەي بۇيرۇقنى ئۇچتۇرۇپانلىق،
ئىسيان قىلدى ئەيمەنمەي تېخى قانلىق.
دەرھال تەدبىر قوللانماي زادى بولماس،
شاھىمىزمۇ بىزلەردىن رازى بولماس.
زور كۈچ بىلەن ھەممىمىز تىپىپ ئامال،
باستۇرايلى ئىسياننى قىلىپ قامال.
قىلىپ بولماس ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت،
قالغانلارمۇ ھەم ئالسۇن بۇندىن ئىبرەت.
ئەگەر كىمكى بىزلەرگە بولسا سادىق،
قانلىق جەڭدە ئالمىسا قاچە ھادىق.
كۆتىرىمىز مەنسىپىنى بىردەرىجە،
خىجالەتسىز ياشايدۇ ئۇ ئۆلگىچە.
ئەي بەگلىرىم قانداقتۇ ئىپادەڭلار؟
قانداق بولۇر بۇ جەڭدە ئىرادەڭلار؟...»
دىدى بىركىم: سىز بىزنىڭ قاناتىمىز،
سىز سىز خاردۇر جاھاندا ھاياتىمىز.
دىدى بىركىم: خۇمپەرلەر جازا تاپقاي،
ئەسىرتۇلدەك بەدبەخلەر قازا تاپقاي...

2

ئىسيانچىلار ھالىنى يازغىن قەلەم،
چەكتى ئۇلار قانچىلىك دەردۇ ـ ئەلەم؟
سېپىل بويلاپ يۈرۈدۇ ياۋ لەشكىرى،

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈپ كەتتى خەلقىنىڭ ئۆچمەن بىرى.
كۆچەپ كەتتى ۋە يەنە ئاغرىق - سىلاق،
ھەرجەھەتتىن بولمىدى ئەجەل يىراق.
يەتتىنچى ئاي توققۇزى بىر تاڭ سەھەر،
سىپىل ئىچى چىرىكلەر، مىلىك قات كەمەر.
ئوق ياغدۇردى سىپىلگە توپ - زەمبىرەك،
كۆتىرىلدى چاڭ - توزاڭ ئاسمان پەلەك.
كۆپ ئىمارەت ھەم بولدى كۆكۈم - تالقان،
مۇنداق جەڭدە ھاجەتسىز قىلىچ - قالقان.
ئىسيانچىلار ھەم كىردى دەرغەزەپكە،
توپ - توپ بولۇپ بۆلۈنۈپ ھەر تەرەپكە.
بىر قانچە رەت سىپىلنى بۇزۇپ ياقتى،
دەريا - دەريا قانلىرى يەنە ئاقتى...

× × ×

ھەي سۇن ساقى ھەييامدەك ئىچەي بۇ رەت،
جەڭ ئاراسى قانلارغا كېچەي بۇ رەت.
ئۆلۈك يېنىمدىن ئايلانسۇن بۇلبۇل پەرى،
تىرىك يېنىمدىن ئايلانسۇن ھەم گۈل پەرى.

## يىگىرمەنچى باپ

1

ئۇتۇپ دەھشەت ئارىدىن ئاران بىر كۈن،
شۇ بۇ كۈننىڭ كېچىسى دەل يېرىم تۈن.
دەرۋازىغا ياماشتى ئىككى كىشى،
گەر سېزىلسە يوق ئىدى مۇندا بېشى.
تاشقىرىغا چىقتى ـ دە، بولدى غايىپ،
ئىترەپكەتتى تەنلىرى ھەم ئاجايىپ.
كوردى شۇندا بىركىمنىڭ قاراسىنى،
كى ئاڭلىدى «كىم!» دېگەن، ساداسىنى.
قول كۆتۈرۈپ ئىككىسى «ۋاي بىز» دېدى،
مانا بۇلار — شېرىپ بەگ، ساۋۇت ئىدى.
ھەيدەپ كەلدى ئاگۈينىڭ ھوجراسىغا،
قالدى مۇندا سوراقنىڭ بالاسىغا.
ئاگۈي شۇچاغ دەھشەتلىك ۋاقىرىدى،
ئىككى كوزى ئەينەكتەك پارقىرىدى:
— ئىشەنمەيمەن زادىلا ھەييار سىلەر،
گىزى كەلسە ئىسيانغا تەييار سىلەر.

ياخشىلىقنى كۈتۈشمە خىزمەت قىلماي،
كېلىشتىڭمۇ يا مېنى كوزگە ئىلماي؟!
— ئۈچكۈن ئىچرە بىرەيلى بىز بىر خەۋەر،
يالغان بولسا، بىزلەرگە كەلمەس زەپەر.
شەرمەندىلەر زارى - زار ۋەدە بېرىپ،
يالاش بىلەن سىپىلگە كەتتى كىرىپ.

2

تاڭ سەھەردە دۈشمەنلەر بولۇپ بىر سەپ،
ئەنقا چۈشتى قايتىدىن جەڭنى يوتكەپ.
سىپىل بويلاپ خەندەكلەر ئويدى بۇگۈن،
ئەل جېنىغا قاپقانلار قويدى بۇگۈن.
تەھلىل قىلدى ئەھۋالنى ئىسيانچىلار،
غەزەپ بىلەن سوزلىدى بىر قانچىلار:
«نابۇت بولدى نەچۈككىم پىلانىمىز؟
نە بىلىندى دۈشمەنگە قارايىمىز؟
ۋە يا بارمۇ ئارادا يات بەندىلەر؟
ئىنقىلاپنىڭ خائىنى شەرمەندىلەر...»
ئەسمىتۇلدا بارئىدى زور جاسارەت،
گاڭ ئىرادە، شەمشاتتەك قەددى - قامەت.
كېچە - كۈندۈز سىپىلنى بويلاپ يۈرۈپ،
تۇرلۇك - تۇمەن ئويلارنى ئويلاپ يۈرۈپ.
تەييار قىلدى يېتەرلىك ئوزۇق - تالقان،

تەييار قىلدى مىڭلىغان قىلىچ - قالقان.
جەسۇرلۇققا ئۈندەيتتى پالۋانلارنى،
ئېزىزجاننى ئالقالىغا ئالغانلارنى.
مەخپى يىغىن ئاچماقچى بۈگۈن كېچە،
شامدىن باشلاپ ئەتتاكى تاڭ ئاتقىچە.
چاقىرىلدى قىرىق بىر نەۋكەر بېشى،
قاسىم باتۇر بەگلەرنىڭ ئىدى يېشى.
ساۋۇت بىلەن شىرىپمۇ بار ئاردا،
دائىم تۇرار بەگلەرنىڭ قاتارىدا.
ھە دېگەندە ھۇ دەپلا يۈرگەن ئىدى،
گاھى چاغدا بىلەكنى تۈرگەن ئىدى.
راسا قاغاپ سۆچىگىنى، ئابدۇللانى،
چۇشۇرمەيتتى ئاغزىدىن ھەم خىزدانى.
بۈگۈن بەگلەر غەزەپكە تولغان ئىدى،
كى قەسەميات يىغىنى بولغان ئىدى.
سائەت تۇرۇپ شىرىپ بەگ ھاجەت دىدى،
ئەسمتۇل بەگ دەرھاللا رۇخسەت دىدى.
چىققىنىدا يۈگۈرۈپ سىپىل تامان،
بىر يوچۇقتىن ھالقىدى دەل شۇ زامان.
ياۋمۇ شۇندا ئەھۋالنى چاغلىۋالدى،
بۇ خائىننى چەمبەرچەس باغلىۋالدى.
بەرلىك بەگلەر ئاردىسى غۇل - غۇل بولۇپ،
كى چەرچەنلىك ئوسمان بەگ[1] مەسئۇل بولۇپ.

---

[1] ئوسمان بەگ — ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان.

www.uyghurkitap.com

تاللىۋالدى يۈز نەپەر خاتىن قوشۇن،
يۈخرالارنىڭ جىنىغا زامىن قوشۇن.
يېتىپ كەلدى بىر پەستە شىۋىرلىشىپ،
بېسىپ كىردى ھەم ئۆيگە پىتىرلىشىپ.
ھەممىسلا ئېتىلدى قاسىم جانغا،
يار ئىشقىدا پەرھاتتەك باغرى قانغا.
ئۇي ئىچىگە شاقىراپ ئاقتى قانلار،
ئاخىرغىچە ئېلىشتى قەھرىمانلار.
كېتىپ قالدى قاسىمجان شەيمانىدىن،
كېتىپ قالدى ئەسىتۇل ھەم ھالىدىن.

× × ×

ئايا ساقى، مەي تۇتقىل بىھۇش بولاي،
يار ۋىسالىن كورگىلى بىر قۇش بولاي.
سەيلان قىلسۇن ئەرشىدە جانىم مېنىڭ،
قىزىل گۈلگە رەڭ بەرسۇن قانىم مېنىڭ.

## يەگىرمە بىرىنچى باپ

1

چايقال ئاسمان، چايقالغىن توك يېشىڭنى،
ئەي زەپەر دەست تاغلىرىم ــــ ئەگ بېشىڭنى.
تۆتقۆن بولدى تۆيۇقسىز، قوماندانلار،
ئەسسەتۇل باش ئوت يۈرەك قەھرىمانلار.
چۈنكى چىقتى بۇ قېتىم يېغى ياندىن،
تۆز كورلارنىڭ قىلمىشى ئۆتتى جاندىن.
يالاپ چىقتى ئۇلارنى بىر توپ قاۋان.
قانغا تويدى بۇ كېچە ئەجدار - چايان.
مۇنداق دەھشەت بولمىغاي قىيىن - قىستاق،
نىمجانلارنىڭ كوزىدىن چاقار چاقماق!
ئەسسەتۇل بەگ يۈرىكى گويا يالقۇن،
دىدى يالقۇن: كوزۇمدىن يۇقال مەلئۇن!!!
دىدى بىرسى: قانخورلار تارت قولۇڭنى!
ئادەمسىمان يىرتقۇچلار تاپ ھۇشۇڭنى!
دىدى بىرسى: تىز پۇكۇش گۇنا بىزگە!
دېگىن - ئوكيان تەڭ كەلمەس قەھرىمىزگە!...

كۆچنى يىغىپ قاسىمجان تۇردى مەردانە،
غەزەپ ئىچرە تېنىدىن چىقتى ھەم جان؟
كېسەك باشلار سازايى ئاتتەك سەھەردە،
كوك يۈزىگە بولۇتلار يايتى پەردە.

2

سىپىل ئىچرە گەپ ئاڭلاپ كىتاپخانىلار،
نەھالەتتە تۇرغاندۇ باغرى قانلار؟
سەردارلارنىڭ خەۋىرى يەتكەن چېغى،
ئىرىپ كەتتى ھازىدىن كوزىنىڭ يېغى.
بەزى بىرلەر ئىشەنمەي قۇلاغىغا،
ئاتتى موللاق غەزەپنىڭ قىيانىغا.
ياقا يىرتىپ بەزىلەر چەكتى پەرياد،
ئاھ! چىقسىدى ئاشقىرى بولسا قانات!
ئاھ! بولمىدى ئەمدى نە قىلىش كېرەك؟
ياۋدىن جەزمەن بىر قىساس ئېلىش كېرەك!
چىقتى يانا باش بولۇپ مەردانەلەر،
ئەل ئىشقىدا ئوت يۈرەك پەۋانىلەر،
يوسۇپ باقتى نەچچە رەت دەرۋازىنى،
چېرىك ھەيران كورۇپ ئەل ئەلپازىنى،
تۈزۈنگەن باش گويا سىنىق تېشى،
ئوتتۇشمۇ تەس چەمەننى ئاتلاپ كېشى.
قىلدى بۇ جەڭ شىددەتلىك ھەپتە داۋام،

ئىسيانچىلار تۇتقۇنغا چۈشتى تامام.
كىم دېگەندە ئون مىڭدۇر تۇتقۇن سانى،
ئەڭ دەھشەتلىك قىنالدى ئۇلار جانى.
يۈزلەپ قولغا سېلىنىپ كويزا كىشەن،
سەپەر قىلدى ئىلىغا مۇزات بىلەن.

3

سەزگەن چېغى يەتتە قىز جەڭ ھالىنى،
ھەممە ياققا يەتكۈزدى ئەھۋالىنى.
سەپكە چىقتى ئون ياشلىق باللارمۇ،
قېرى بوۋاي ئاق چاچلىق ئانىلارمۇ.
دېدى ئۇلار: يا ئۆلۈم ۋە يا كورۇم!
باشلا جەڭگە ھەي سەردار مايسە گۈلۈم!!!...
چېرىكلەرنىڭ ئالدىنى توستى ئۇلار،
تاغدىن كەلگەن كەلكۈندەك بوستى ئۇلار.
تاغلارنىمۇ تىترەتتى قىقاس چۇقان،
كوك قەھرىگە تۇتاشتى غەزەپ گۈلخان!
شۇ غەزەپتە چېرىكلەر كەتتى ۋايساپ،
قەھرىمان ئەل دەھرىدىن ئولۇپ مىڭلاپ.
يېقىنلىشىپ كەلگەندە يەتتە ھۆركەر،
گاھ چېرىكلەر ئۆزىگە سالدى خەنجەر.
گاھىلىرىنىڭ شۇئانلا چىقتى جانى،
گاھىلىرىنىڭ تۇتۇلدى ھەم زۇۋانى.

بىراق قىزلار ھەم كەتتى شەيمانىدىن.
ھېرىپ چارچاپ ئاچارچىلىق ئازاۋىدىن.
شۇچاغ قورشاپ ياۋۇزلار چەمبەرسىمان،
چاڭگال سالدى قىزلارغا پەيلى يامان!
ئىگىز تاغنىڭ ئۇستىگە چىقتى قىزلار،
تارىخ بېتى بىر ئۇچمەس سالدى ئىزلار.
دىدى ئاسمان: چىق بۇيان قەھرىمانلار!
يۇرتنى سۆيگەن زەبەردەستئىزىز جانلار!
دىدى يەرمۇ: كىر قوينۇم مېھرىبانلار!
ساڭا خاستۇر ئەبەدى شەرەپ - شانلار!
دىدى تاغلار: ئاستىمدىن تۇتقىن ماكان!
تاغ پەرىسى بولغايسەن ئاخىر زامان!
دىدى دەريا: بېلىق بول ھەي قىزلىرىم!
نىمەت بېرەي مىزلىك ئېزىزلىرىم!
دىدى ئورمان: بەستىمگە تاشلاي سايە!
ماڭا ئوخشاش كوكەرسۇن گۆزەل غايە!

..........................................

× × ×

ئايا ساقى مەي كەلتۇر زەم - زەم كەلتۇر،
دېگىز - ئوكيان بولسۇن جام ــــ دەم - دەم كەلتۇر
دىسۇن قىزلار:
ئەلۋىدا!!!
ئاھ! ئەلۋىدا!!!!
چىقسۇن ھەيۋەت جاراڭلاپ جامدىن سادا!

## خاتىمە

ئۆتمۈش گۇنا ئۇنتۇشنى — نەسلىمىزنى،
شۇڭا يازدىم كىتاپچان يەتتە قىزنى.
چۈنكى ئۇنىڭ بىر شاھىد قەۋرىسى بار،
شۇ قەۋرىنى قوغدىغان نەۋرىسى بار.
تۇرسا ئۇنىڭ ئەل ئارا كۆپ ھۆرمىتى،
نېچۈك بايان بولمىدى قەغەز بېتى؟!
ئىزھار ئەيلەپ ئەجداتلار كەچمىشىنى،
تارىخ ئۇزرە بايان قىپ ھۆرمىتىنى.
بۇ داستاننى يېزىشقا جۈرئەت قىلدىم،
ئېتىم ئورۇق، يول يىراق، مەدەت قىلدىم!
پەستە قويۇپ مۇشەققەت داۋانىنى،
كۆردۈم ئاخىر يەتتە قىز ۋىسالىنى.
ئەۋلادىم بار مىڭگەۋ شات - بەختىيار،
بەختىياردۇر بولغاچقا دەۋرىم باھار.
ئەۋلادىمغا سۆزۈم شۇ: ۋەتەن سۆيسۇن،
بوسۇيگۈدە يۈرىكى يېنىپ كۆيسۇن،
چۈنكى ۋەتەن تۇپرىقى بىباھادۇر،
ھەرچىمدىمى كىشىگە تۇتىيادۇر.
بۇ داستاننى يېزىشتىن مەقسىتىم شۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاھچە بولسا دېڭىزغا مىرادىم شۇ.
ئاجىز ئىدى تەسۋىرگە تىلىم بىر ئاز،
ئەجرى قىلدى كوچەتكە پىردىم ئۇستاز.
مىزە بەرسەم رىزادۇر مېنىڭ جانىم،
دۇقسان بولسا كەچۈرۈڭ كىتاپخانىم!

1980 — 1984-يىل ئۇچتۇرپان تەشقىر.

# 七 女 传

（维吾尔文）
依布拉依木·库尔班著
责任编辑：阿·阿吉

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
规格：787×1092毫米、1/32开本印张 4
1984年5月第1版、1984年7月第1次印刷
印数：1 — 15000

统一书号：M10264——41
定价：0·32元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىددىن بەھرام

统一书号：M 10264——41

定价：0·32元